

فۇچىك

# ئولۇم ئالدىدىكى سوز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

(چېخ) فۇچىك

# ئۇلۇم ئالدىدكى سوز

تەرجىمە قىلغۇچى: غۇلام غۇپۇرى
تەرجىمىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: رەقىپ ۋاھاپ

مىللەتلەر نەشرىياتى

本书根据人民文学出版社1979年9月第1版湖北第1次印刷版本翻译出版.

بۇ كىتاپ خەلق ئەدەبىيات نەشرىياتى تەرىپىدىن 1979 ـ يىل
9 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى خۇبېي 1 ـ باسمىسىغا
ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

فۇچىك

ئۇلۇم ئالدىدىكى سوز

تەرجىمە قىلغۇچى: غۇلام غوپۇرى

تەرجىمىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: رەقىپ ۋاھاپ

مەسئۇل كوررېكتورى: رىشت ۋاھىدى

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ۋە نەشر قىلىندى

شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ

مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1981 ـ يىل 3 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى

1981 ـ يىل 3 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 0.50 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

كىرىش سوز ..................... 1
مۇئەللىپنىڭ رەپىقىسى گۈستانىڭ سوزى ...... 7

1943 ـ يىلىنىڭ ئەتىياز كۈنلىرىدە پانكراتىستىكى مەخپى
ساقچىنىڭ تۈرمىسىدە يېزىلدى .......... 1
بىرىنچى باپ يىگىرمە توت سائەت ...... 4
ئىككىنچى باپ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئازاپ ... 17
ئۈچىنچى باپ 267 ـ كامىرا .......... 32
توتىنچى باپ "400 ـ" .............. 50
بەشىنچى باپ ھەيكەل ۋە قونچاق (1) ... 80
ئالتىنچى باپ 1942 ـ يىلىدىكى ھەربى ھالەت
........................ 127
يەتتىنچى باپ ھەيكەل ۋە قونچاق (2) ... 139
سەككىزىنچى باپ قىسقىچە تارىخ ...... 183

# كىرىش سۆز

”كىشىلەر، مەن سىزلەرنى ياخشى كۆرەتتىم! ھۇشيار بولۇڭ-
لار!“ بۇ چېخوسلوۋاكىيە پرولېتارىياتىنىڭ باتۇر جەڭچىسى
يۇلىئۇس فۇچىكنىڭ ئىسسىق قېنى ۋە جېنىدىن ئۇرغۇپ چىققان
سەمىمى تاپشۇرۇغى، ئۇ مىليونلىغان ئىنقىلابچىلارنىڭ ۋە تەرەق-
قىيپەرۋەر كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مەڭگۇ ساقلايدىغان ئەقلىيە سۆز
بولۇپ قالغان. ”بىز خۇشاللىق ئۈچۈن ياشىدۇق، خۇشاللىق ئۈچۈن
جەڭگە كىردۇق، ئەمدى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلىمىز. شۇڭلاشقا
بىزنىڭ نامىمىز ھېچ ۋاقىتتا قايغۇ بىلەن يادلانمىسۇن.“ ”ئىنسان-
لارنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن مىليونلىغان كىشىلەر ئاداققىچە
كۈرەش ئېلىپ بارماقتا، مىليونلىغان-تۈمەنلىگەن كىشىلەر بۇ
كۈرەشتە قۇربان بولدى، مەنمۇ شۇلارنىڭ بىرسى. ئاداققىچە
كۈرەش ئېلىپ بارغۇچى جەڭچىلەرنىڭ بىرى بولۇش نىمە دېگەن
ئۇلۇغۋار ئىش-ھە! يۈكسەك غايىنىڭ پارلاق نۇرلىرى چاقناپ
تۇرىدىغان، ئىنقىلاۋىي ئۈمىتۋارلىق ۋە پىداكارلىق روھى ئۇرغۇپ
تۇرىدىغان بۇ ئىبارىلەر كىتاپنىڭ ھەممە يېرىدە ئۇچراپ
تۇرىدۇ، بۇ ئىبارىلەر ئىنقىلاپچىلار ئىچىدە ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا
تارقىلىپ، كىشىلەرنى كونا دۇنيانى پاچاقلاپ تاشلاپ، گۈزەل

كېلىچەك ئۈچۈن باتۇرلارچە قۇربان بولۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ.
«دار ئالدىدىكى سوز»نى يەنى بۇ ئولمەس ئەسەرنى فۇچىك
ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ مەخپى ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۈرمىـ
سىدە ھىساپسىز سوئال ـ سوراق، چىدىغۇسىز قىيىن ـ قىستاقلار
بولۇپ تۇرىدىغان، ھە دىگەندىلا دارغا ئېسىش خەۋپى كېلىپ
تۇرغان شارائىت ئىچىدە بىر چىغ جىسەكچىسىنىڭ ياردىمىگە
ئېرىشىپ، قېرىنداش قەلەم بىلەن پارچە قەغەزلەرگە يېزىپ
چىققان. بۇ قان بىلەن يۇغۇرۇلغان ئاجايىپ ئىسىل داستاندۇر.
فۇچىك قولغا ئېلىنغان كۈندىن تارتىپلا ناھايىتى قاتتىق قىيىن ـ
قىستاقلارغا ئېلىنىپ، نەچچە ئولۇپ، نەچچە تىرىلىدۇ. لېكىن
ئۇ ئوزىنىڭ كۈچلۈك غەيرىتى بىلەن، ئادەم بالىسى چىداپ
بولمايدىغان ئازاپلارغا چىداشلىق بېرىدۇ. ئۇ خەلقىنىڭ ئاخىرى
يېڭىپ چىقىدىغانلىقىغا قەتئى ئىشەنگەنلىكتىن، ”تۈرمە كوللېكـ
تىۋى“نى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، ناتسىست
باسمىچىلارغا قارشى ئېگىلمەي ـ سۇنماي كۈرەش ئېلىپ بارىدۇ.
ئۇ تۇرمۇشنى سويىدۇ، لېكىن كوممۇنىست دىگەن بۇ شەرەپلىك
نامغا داغ كەلتۇرۇش بەدىلىگە جېنىنى ساقلاپ قېلىشقا ھەرگىز
ئۇرۇنمايدۇ. بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ تىرىك قالغانلارغا ئۇ: ياخشىـ
لارنىمۇ، يامانلارنىمۇ ئۇنتۇماڭلار. ئوزى ئۈچۈن ۋە سىلەر
ئۈچۈن قۇربان بولغانلارنى سويۈڭلار، دىگەن تەلەپنى قويىدۇ.
ئۇ ”كەلگۇسىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن قازا تاپقان
ھەر بىر كىشى تاشتىن ياسالغان ھەيكەلگە ئوخشاشتۇر. ئىنقىلاپ

كەلكۈننى توسماقچى بولغان ھەرقانداق چىرىك ئادەم، ئۇز مۇرىسىگە ئالتۇن پاگون تاقىۋالغىنى بىلەنمۇ، بەرىبىر پور كوتەكتىن باسالغان قونچاقتىن باشقا نەرسە ئەمەس“ دەپ قارايدۇ. فۇچىك ئادەملەر ئىچىدىكى ئۇلۇغ ئادەملەر بىلەن چاكىنا ئادەملەرنى — ھەيكەللەر بىلەن قونچاقلارنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش بىلەن، كىشىلەرگە تۇرمۇشتا قايسى يولنى تاللىۋېلىش كېرەكلىكىنى كورسىتىپ بېرىدۇ.

«دار ئالدىدىكى سوز» چېخوسلوۋاكىيە پۇرولېتارىيات ئەدەبىياتىدىكى كىلاسسىك ئەسەر بولۇپلا قالماستىن، پۈتۈن دۇنيادىكى ئىلغار خەلقلەرنىڭمۇ ئورتاق مەنىۋى بايلىغى. 1945 - يىلى ئۇ چېخوسلوۋاكىيىدە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، خەنزۇچىسىنى ئۇز ئىچىگە ئالغان ھالدا 86 خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان.

كوممۇنىزىمنىڭ مۇنەۋۋەر جەڭچىسى، ئىنقىلاۋىي ژورنالىست، يازغۇچى ۋە ئوبزورچى فۇچىك 1903 - يىلى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى پراگا شەھىرىدىكى سمىخوف ئىشچىلار رايونىدا بىر ئىشچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ باللىق چاغلىرىدىن تارتىپلا ئىشچىلار سىنىپىغا ئوخشاشلا جاپا - مۇشەققەتلىك كۈن كەچۈرگەن ۋە پۇرولېتارىيات ئىشى ئۈچۈن ئومۇرۋايەت كۇرەش قىلىشقا بەل باغلىغان. ئۇلۇغ ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا ئۇ ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلەرگە پائال قاتناشقان. ئۇ 18 يېشىدىلا

قۇرۇلغىنىغا ئۇزاق بولمىغان چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك
پارتىيىسىگە كىرگەن. 1941 - يىلى پراگادىكى سالى داشۇبىسنىڭ
ئەدەبىيات بولۇمىگە ئوقۇشقا كىرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جان
بېقىش ئۈچۈن مەدىكارلىق قىلغان ۋە كوچا ئېلانچىسى بولغان.
مەكتەپتە چېغىدىلا ئۇ پارتىيىنىڭ گېزىت - ژورناللىرىغا ۋە باشقا
ئىلغار ژورناللارغا ماقالىلار يېزىپ تۇرغان. كېيىن پارتىيە ئۇنى
ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە سىياسىي ئوبزورلار ژورنىلى بولغان «ئىجا-
دىيەت» ژورنىلىنىڭ تەھرىرلىكىگە ھەم پارتىيە مەركىزىي كوم-
تېتىنىڭ ئورگان گېزىتى «قىزىل ھوقۇق» گېزىتىنىڭ تەھرىرلى-
كىگە تەيىنلىگەن. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىككى قېتىم بارغان،
نۇرغۇن ئوچېركلەرنى يېزىپ، دۇنيادىكى بىرىنچى پۇرولېتارىيات
دىكتاتۇرىسىدىكى دولەتنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىقى بىلەن مەد-
ھىيىلىگەن. شۇ سەۋەپتىن، ئەكسىيەتچى ھوكۇمەت ئۇنى قاماققا
ئالغان. قاماقتىن چىقىپ يەنە 1932 - يىلى ئەتىيازدا چېخوسلو-
ۋاكىيىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كان ئىشچىلىرى ئىلىپ بارغان
چوڭ ئىش تاشلاشقا پائال قاتناشقان ۋە كان ئىشچىلىرى كۇرە-
شىنىڭ ئەينەن ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىپ يازغان. 1936 - يىلدىن
كېيىن، چېخوسلوۋاكىيىنىڭ مۇستەقىللىقى كۈندىن - كۈنگە ناتى-
سىستلار گېرمانىيىسىنىڭ قاتتىق تەھدىدى ئاستىدا قېلىشقا باش-
لىدى. ميۇنخېن كېلىشىمى ئۇنىڭ ۋەتىنىنى ساتتى. فۇچىك
كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك مۇھەببىتى بىلەن نۇرغۇن سىياسىي
ماقالىلار، تەشۋىق ۋاراقلىرى، خىتاپنامە ۋە مۇراجەتنامىلەرنى

يېزىپ، ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ ساتقىنلىق ھەركەتلىرىنى ۋە ناتسىست باسمىچىلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق قارا نىيىتىنى پاش قىلىپ، خەلقنى كۈرەشكە چاقىردى.

1939 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چېخوسلوۋاكىيىنى گىتلېر گېرمانىيىسى پۈتۈنلەي بېسىۋالدى. فۇچىك بىر ياقتىن يەر ئاستى كۈرەشكە پائال قاتنىشىدۇ ۋە رەھبەرلىك قىلىدۇ، بىر ياقتىن داۋاملىق تۈردە چېخوسلوۋاكىيىنىڭ 19 ـ ئەسىردىكى ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ چېخوسلوۋاكىيە ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى تۇتقان يازغۇچىلار ئۈستىدىمۇ، مەسىلەن، شېمۇسوۋا، يان شېرۇدا قاتارلىق يازغۇچىلار ئۈستىدە مەخسۇس ماقالىلار يازغان. ئەدەبىياتنى ماركسىزم مەيدانى ۋە نۇقتىنەزىرى بىلەن تەتقىق قىلىپ يېزىپ چىققان بۇ ئەسەرلەر چېخ پىرولېتارىيات ئەدەبىياتىغا باھا بېرىش ئىشىغا تۆھپە قوشتى.

ساتقىنلارنىڭ ئىيتىپ قويۇشى بىلەن، فۇچىك 1942 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قولغا ئېلىنىدۇ. دۈشمەنلەر ئۇنى جىمىكى قىيىن ـ قىستاقلارنى ئىشلىتىپ، قاتتىق ۋە يۈمشاق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، چەكسىز ئازاپلايدۇ، ئەمما ئۇ تەن جەھەتتىن ۋە روھىي جەھەتتىن ئەڭ قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتىدۇ، ئۆز ئېتىقادىدىن قىلچە تايمايدۇ. ئۇ پراگادىكى ناتسىستلار گېرمانىيىسىنىڭ مەخپىي ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۈرمىسىدە 411 كۈن قامىلىپ، 1943 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى بېرلىندىكى بېروتېنس تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ.

فۇچىكنىڭ شانلىق، كۈرەشچان ھاياتى چېخ خەلقىنىڭ قەلبىگە مەڭگۈ ئورناشقان بولۇپ، ئۇ چېخ مىللىتىنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە كىشىلەرنى ئەركىنلىك، مىللىي مۇستەقىللىق ۋە گۈزەل كېلەچەك ئۈچۈن باتۇرلارچە قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىشقا مەڭگۈ ئىلھاملاندۇرىدۇ.

تەرجىماندىن

1978 ـ يىل 11 ـ ئاي.

# مۇئەللىپنىڭ رەپىقىسى — گۇستانىڭ سوزى

مەن لېۋنسبۇرۇك① لاگېرىدا بىللە بولغان مەھبۇس يولداش-لارنىڭ ئاغزىدىن يولدىشىم يۇلىيۇس فۇچىكنىڭ — «قىزىل ھوقۇق» گېزىتى بىلەن «ئىجادىيەت» ژورنىلىنىڭ تەھرىرىنىڭ 1943 - يىلى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بېرلىندا ناتسىستلار سودى تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھوكۇم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

كېيىن ئۇنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنىڭ جاۋابىنى لاگېرنىڭ ئەتراپىدىكى ئىگىز تاملاردىن چىققان سادالاردىنلا ئاڭلاش مۇمكىن.

1945 - يىلى مايدا گىتلېر گېرمانىيىسى يېڭىلگەندىن كېيىن، باسمىچى فاشىستلار ئازاپلاپ ئۆلتۈرۈشكە ۋە قىرىپ تاشلاشقا ئۈلگۈرەلمىگەن مەھبۇسلار تۈرمىلەردىن ۋە لاگېرلاردىن قۇتۇلۇپ چىقتى. مەنمۇ شۇ قۇتۇلۇپ چىققانلارنىڭ بىرى.

مەن ئەركىن ۋەتىنىمگە قايتىپ كەلدىم. يولدىشىمنى ئىزلەش-

① لېۋنسبۇرۇك — گېرمانىيىنىڭ شىمالىدا بېرلىندىن 80 كىلومېتىر يىراقلىقتا مەخسۇس ئاياللارنى قامايدىغان بىر لاگېر.

كه باشلىدىم. مىڭلىغان ـ تۇمەنلىگەن باشقا كىشىلەرمۇ ئۇزلىرىنىڭ نېمىس ئىشغالىيەتچىلىرى تۇتۇپ كېتىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى سان ـ ساناقسىز سوراقخانىلارغا ئېپكىرىپ كەتكەن ئەرلىرى، خوتۇنلىرى، باللىرى، ئاتا ـ ئانىلىرىنى ئىزلەشكە كىرىشتى.

مەن سوراشتۇرۇپ، يۇلىۇس فۇچىكنىڭ 1943 ـ يىلى 9 ـ ئاي-نىڭ 8 ـ كۈنى يەنى ھوكۇم چىقىرىلىپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن بېرلىندا ئۆلتۈرۈلگەنلىگىنى ئۇقتۇم.

مەن يەنە يۇلىۇس فۇچىكنىڭ پانكراتستىكى تۈرمىدە① يازغان نەرسىلىرىدىنمۇ خەۋەر تاپتىم. تۈرمە جىسەكچىسى ئا. كولىنىسكى ئۇنىڭغا يېزىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىپتۇ، كولىنىسكى كامىردا ياتقان يولدىشىمغا قەغەز ـ قەلەم ئېپكىرىپ بېرىپ تۇرۇپتۇ ۋە يېزىق بىلەن تولغان قەغەزلەرنى بىر ۋاراق ـ بىر ۋاراقتىن تۇيغۇزماي تۈرمىنىڭ سىرتىغا ئېپچىقىپ كېتىپتۇ.

مەن بۇ جىسەكچىنى تاپتىم. يۇلىۇس فۇچىكنىڭ پانكراتس تۈرمىسىدە يازغان ماقالىلىرىنى بىر ـ بىردىن توپلىدىم. ماقالىلارغا بەت نومۇرى قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار باشقا ـ باشقا جايلاردا ۋە

---

① پانكراتس تۈرمىسى ــ گېرمانىيە مەخپىي ساقچى ئىدارىسى پراگا-نىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى پانكراتس رايونىغا جايلاشتۇرغان تۈرمە.

باشقا ـ باشقا كىشىلەرنىڭ قوللىرىدا ساقلىنىپتۇ؛ مەن ئۇلارنى رەتلەپ، ئوقۇغۇچىلارغا سۇندۇم. بۇ يۇلىيۇس فۇچىكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەسىرى ھېساپلىنىدۇ.

گۇستا فۇچىكوۋا

1945 ـ يىلى 9 ـ ئاي، پراگادا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 1943 - يىلنىڭ ئەتىياز كۈنلىرىدە پانكراتستىكى مەخپى ساقچىنىڭ تۈرمىسىدە يېزىلدى

ئىككى قولۇڭنى تىزىڭغا قويۇپ، كوزلىرىڭنى بىر يەردىن ئالماي، پىتچىك سارىيىنىڭ سوراقخانىسىنىڭ① سارغايغان تاملىرىغا كوزلىرىڭ تورلاشقىچە تەلمۈرۈپ قاراپ، مىدىر ـ سىدىر قىلماي، تىككىتە ئولتۇرۇش، ـــ ئەلۋەتتە، ئويلاش ئۈچۈن ئەپلىك بولغان ئولتۇرۇش ئەمەس. لېكىن قىمىرلىماي بىر جايدا ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇپ زور بىرىپ پىكىر يۈرگۈزۈش مۇمكىنمۇ؟

قاچاندۇر، كىمدۇر بىرسى ــ قاچان ۋە كىم ئېيتقانلىقى ھازىر ئىسىمدە يوق ــ پىتچىك سارىيىنىڭ سوراقخانىسىنى "كىنوخانا" دەپ ئاتىغان ئىكەن. ئەجەپ ئۇستا ئوخشىتىش! يوغان بولمە،

---

① پىتچىك سارىيى ــ چېخوسلوۋاكىيە مىليونېرى پىتچىكنىڭ قوراسى. نېمىس فاشىستلىرى چېخوسلوۋاكىيىنى بېسىۋالغاندا، پراگادىكى گېرمانىيە مەخپى ساقچى ئىدارىسىنىڭ سىلىكبۇسىنى مانا مۇشۇ يەردە قۇرغان.

ئالته قاتار ئۇزۇن ئورۇندۇق، بۇ ئورۇنداقلاردا قىمىر قىلماي ئولتۇرغانلار — سوراق قىلىنىدىغان ئادەملەر، ئۇلارنىڭ قارشىسىدا — خۇددى كىنو ئېكرانىغا ئوخشىغان سىدام تام. دۇنيادىكى بارلىق كىنو ئىستۇدىيىلىرىمۇ يېڭى سوراق، يېڭى ئازاپ ۋە ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرغان بۇ ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدىن بۇ تامغا چۈشۈپ تۇرغان فىلىملەرچىلىك كوپ فىلىم ئىشلەپ چىقىرالمىغاندۇ. بۇ فىلىملەرنىڭ بارلىغى تۇرمۇش ۋە تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ ئۇششاق ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى فىلىملەر، ئانىلار، خوتۇنلار، باللار ۋە ۋەيران قىلىنغان ئۆي ـ ئىمارەتلەر، ھالاك قىلىنغان جانلار توغرىسىدىكى فىلىملەر، تىز چوكمەس يولداشلار ۋە ساتقىنلىقلار توغرىسىدىكى، تەشۋىق ۋاراقلىرىنىڭ مەلۇم كىشىگە سۇنۇپ بېرىلگەنلىگى توغرىسىدىكى، قېنىنى توككەن ۋە قۇربان بەرگەنلەر توغرىسىدىكى، ۋەزىپە يۈكلەش ۋاقتىدىكى مەنىلىك قاتتىق قول قىسىشلار توغرىسىدىكى فىلىملەر، دەھشەت ۋە ئىرادە، نەپرەت ۋە مۇھەببەت، ئازاپ ۋە ئۈمىت توغرىسىدىكى فىلىملەر ئىدى. بۇ پەردىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ ھاياتلىقتىن پۈتۈنلەي ئالاقىسى ئۈزۈلگەن، بۇ پەردە ھەر كۈنى بىكاردىن ـ بىكارغا ئادەم ئولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن ھەممىلا كىشى دۇنياغا يېڭىدىن قايتىپ كېلىشۋەرمەيدۇ.

مەن بۇ پەردە ئۆزەم توغرىسىدىكى فىلىمنى يۈز قېتىملاپ كوردۇم، بۇ فىلىمنىڭ ئۇششاق كورۈنۈشلىرىنى مىڭ قېتىملاپ كوردۇم، مەن ئەمدى ئۇلارنى بايان قىلىپ كورەي. ئەگەر

مەن بايان قىلىپ بولغىچە، جاللاتلار بوينۇمغا سىرتماق سېلىپ قويسا، يەنە مىليونلىغان كىشىلەر دۇنيادا قالىدۇ، شۇلار ئۇنىڭ بەختلىك ئاخىرىنى يېزىپ تۈگىتەر.

# بىرىنچى باپ

## يىگىرمە تۆت سائەت

سائەت ئۇنغا بەش مىنۇت كەم. 1942 ـ يىل 24 ـ ئاپرېلنىڭ ئاجايىپ گۈزەل، ئىللىق باھار ئاخشىمى.

مەن ناھايىتى ئالدىراپ ماڭدىم ــ مەن سەل ئاسقاقلاپ ماڭىدىغان سالاپەتلىك قېرىلارنىڭ ئالدىراپ ماڭغان ۋاقتىدىكى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، يېلىنىكلارنىڭ ئۆيىگە دەرۋازىغا كېچىلىك قۇلۇپ سېلىنغىچە يېتىپ بېرىۋالاي دەپ، ناھايىتى ئىلدام ماڭدىم، ئۇ يەردە مېنى "قولدىشىم" مىرىك كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ماڭا ھېچقانداق مۇھىم نەرسە ئېيتمايدىغانلىقىنىمۇ بىلىمەن، ئۇنىڭغا ئېيتقۇدەك مېنىڭدىمۇ ھېچ نەرسە يوق، لېكىن ۋەدىلەشكەن ئۇچرىشىشقا كەلمەي قېلىشنىڭ ئۇقۇشماسلىق تۇغدۇرىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى ــ ئەڭ مۇھىمى، مەن بۇ ئىككى ياخشى نىيەتلىك ساھىپخانىمىزدا ئورۇنسىز ئەندىشە تۇغۇلۇپ قالمىسۇن دەيتتىم.

ماڭا ئۇلار بىر پىيالە چاي تۇتتى. مىرىك مېنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا، فىرىدلارمۇ ئەر ـ خوتۇن كۈتۈپ

ئولتۇرۇشۇپتۇ. بۇ يەنە بىر ئېھتىياتسىزلىق.

— يولداشلار، مەن سىلەرنى كورۇشكە خوشالـمەن، بىراق مۇنداق توپلىنىۋېلىشىڭلارغا رازى ئەمەسمەن. بۇنداق قىلىش توپ ـ توغرىلا تۇرمىگە ۋە ئەجەلگە ئېلىپ بارىدۇ. سىلەر يا مەخپى ئىشلەشنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىايە قىلىڭلار، يا بولمىسا ئىشنى توختىتىڭلار، بولمىسا سىلەر ئوزەڭلارنىمۇ. باشقىلارنىمۇ بالاغا تىقىسىلەر، چۈشەندىڭلارمۇ؟

— چۈشەندۇق.

— قېنى، سىلەر ماڭا نىمە ئېلىپ كەلدىڭلار؟

— «قىزىل ھوقۇق» گېزىتىنىڭ مايدا چىققان سانىنى.

— بەك ياخشى بوپتۇ. مىرىك، سېنىڭدە نىمە بار؟

— كونا گەپ، ھىچ يېڭىلىق يوق. ئىش ئوبدان كېتىپ بارىدۇ.....

— خوپ بولمىسا، شۇنداق بولسۇن. 1 ـ مايدىن كېيىن كورۇشىمىز، مەن ئوزەم خەۋەر قىلىمەن، كورۇشكىچە خوش!

— يەنە بىر پىيالە چاي ئىچىۋېلىڭ، ئەپەندىم!

— ياق، ياق، يېلىنىڭ خانىم، بىز يامان كوپ كىشىمىز.

— قېنى مەرھەمەت قىلىڭ، يەنە بىر پىيالە ئىچىڭ، ئوتۇنۇپ سورايمەن.

پىيالىگە قۇيۇلغان ئىسسىق چايدىن پۇقۇراپ ھور چىقاتتى. قوڭغۇراق جىرىڭلىدى.

ھازىر يېرىم كېچە، بۇ كىم بولغاي؟

كەلگەن مېھمانلار سەۋرسىزلىك كىشىلەر بولمىسا كېرەك، دەرۋازىنى توختىماي تاقىلداتتى.

— ئېچىڭلار! بىز ساقچى!

— چاپسان دەرىزىگە تەمشىلىڭلار! قېچىڭلار! مەندە تاپانچا بار، مەن ئۇلارنى بىرئاز ئايلاندۇرۇپ تۇرىمەن!

كېچىكىپ قالدۇق! دەرىزىلەر ئالدىدا مەخپىي ساقچىلار قوللىرىغا تاپانچا تۇتۇپ تۇرۇشاتتى. ئىشىكنى مۇجىغىدىن يۇلۇۋالغان ساقچىلار ئاۋال ئارىلىق بىلەن ئاستاغىنا ئاشخانىغا، ئاندىن كېيىن ئىچكىرىكى ئۆيگە دۈكۈرۈشۈپ بېسىپ كىرىشتى. بىر، ئىككى، ئۈچ...... توققۇز ئەر كىشى. ئۇلار مېنى كورمەيدۇ، مەن ئۇلارنىڭ كەينىدە يوغان ئېچىلغان ئىشىك ئارقىسىدىكى بۇلۇڭدا تۇرىمەن. بۇ يەردە ھېچقانداق ھودۇقماي تۇرۇپ ئاتالايمەن. لېكىن ئىككى ئايال بىلەن ئۈچ قورالسىز ئەرگە قارشى توققۇز تاپانچا تىكلەنگەن. ئەگەر مەن ئاتسام، مەندىن ئاۋال ئۇلار ھالاك بولىدۇ. ئەگەر ئۆزەمنى ئۆزەم ئاتسام، بەرىبىر ئۇلار مېنىڭ ئاتقان ئوقۇمنىڭ ئۈنى ئۈچۈن قۇربان بولىشىدۇ. ئەگەر مەن ئاتمىسام، ئىنقىلاپ بولۇپ ئۇلارنى ئازات قىلغىچە، ئالتە ئاي ياكى بىر يىل قاماقتا ياتار. پەقەت مىرىك بىلەن ماڭىلا قۇتۇلۇش چارىسى يوق، دۈشمەن بىزنى ئازاپ-لايدۇ، — مېنىڭدىنغۇ بەرىبىر ھېچ نەرسە چىقىرالمايدۇ، لېكىن مىرىكدىنچۇ؟ ئۇ ئىسپانىيىدە جەڭگە قاتناشقان، ئىككى يىل فرانسىيىدە قاماق لاگىرىدا ياتقان، ئۇرۇش ۋاقتىدا فرانسىيىدىن

پراگاغا يوشۇرۇن قېچىپ كەلگەن، ــ ياق، مۇنداق ئادەم يۈز ئورۇمەيدۇ. ماڭا بىر پىكىرگە كېلىشكە ئىككى ـ ئۈچ سېكۇنت قالدى.

مېنىڭ ئوق چىقىرىشىم ھېچنېمىنى قۇتۇلدۇرۇۋالالمايدۇ، پەقەت ئۆزەمنىلا ئازاپتىن قۇتۇلدۇرىمەن، بىراق ئۇنىڭ ئورنىغا توت① يولدىشىمنى بىكاردىن ـ بىكارغا قۇربان قىلىمەن. شۇنداقمۇ؟ دەل شۇنداق!

دىمەك مەسىلە ھەل.

مەن موكوپ تۇرغان يەردىن چىقتىم.

ــ ئەھە، يەنە بىرى بارىكەن ـ دە!

يۈزۈمگە بىر مۇشت ئاتتى. بۇ مۇشت مېنىڭ جېنىمنى ئالغىلى تاس قالدى.

② Hände auf! ــ

مۇشت ئۈستىگە مۇشت ياغدى.

مەن مۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان ئويلاپ قويغان ئىدىم.

شۇنداق ياخشى يىغىشتۇرۇلغان ئۆيىنىڭ بىتچىتى چىقىپ، بىر دەمدە ئاغدۇرۇلغان ئۆي جاھازلىرى ۋە تۈرلۈك

---

① ئەسلى نۇسخىسىدا شۇنداق، يۇقۇرىدا ئېيتىلغىنىغا قارىغاندا بەش كىشى بولۇشى كېرەك.

② نېمىسچە: "قولۇڭنى كۆتەر!"



www.uyghurkitap.com

نەرسە ـ كېرەكلەر ئوڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ كەتتى.
يەنە مۇشتلاشقا، تېپىشكە باشلىدى.
—Marsch!①
مېنى ئىتتىرىپ ماشىنىغا چۇشۇردى. ماڭا تاپانـچىلار تىكلەنـ
گەن ئىدى.
يولدا كېتىپ بېرىپلا سوراقنى باشلىدى.
— كىم سەن ئوزەڭ؟
— ئوقۇتقۇچى گوراك بولىـمەن.
— يالغان ئېيتىسەن!
مەن مۇرەمنى چىقاردىم.
— قىمىر قىلماي ئولتۇر، بولمىسا ئاتىمەن!
— ئېتىڭ!
ئوقنىڭ ئورنىغا يەنە مۇشت بىلەن تېپىك تەگمەكتە.
تىرامۋاي يېنىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتىـمىز. ۋاگون خۇددى ئاق
گۇل دەستىلەر بىلەن زىننەتلەنگەندەك. نىمە ئىش بۇ، كېچىلەپ
بىمەھەل توي تارتىـپ كېـتىپ بارغان ۋاگونمۇ بۇ؟ ئېھتىـمال،
مەن جويلۇپ قالسام كېرەك.
پىتـچىك سارىـيى. مەن بۇ يەرگە تىـرىك كىرەرمەن دەپ
ئويلىمىغان ئىدىم. يۇگۇرۇتۇپ تونىچى قەۋەتكە ئېلىپ چىقتى.
ئەھە، كومـمۇنىستـلارغا قارشى ئىش يۇرگۇزىـدىغان ئاتاقـلىق

---

① نېمىسچە "ماڭ!".

www.uyghurkitap.com

II-AI بولۇم مۇشۇ يەردە ئىكەن! مەن خۇددى قىزىقىش ھەس قىلغانـدەك بولدۇم.

بايىقى ئادەم تۇتۇشقا باشچىلىق قىلغان سوزامپاي، قاتاگور ساقچى بېشى تاپانچىسىنى يانچۇغىغا سالدى ـ دە، مېنى ئىشخانىسىغا ئېپكىردى. ماڭا تاماكا تۇتتى.

ــ سەن كىمسەن؟

ــ ئوقۇتـقۇچى گوراك بولىمەن.

ــ يالغان ئېيتىـسەن!

ئۇنىڭ قولىدىكى سائەت ئون بىرنى كورسىتىپ تۇراتتى.

ــ ئاختۇرۇڭلار!

ئاختۇرۇشقا باشـلىدى. ئۇستۇمـدىكى كىيىمـنى سېرىۋېلىشـماقتا.

ــ ئۇنىڭ گۇۋانامىسى بار ئىكەن.

ــ ئېتى نىمە دەپ يېزىلغان؟

ــ ئوقۇتـقۇچى گوراك.

ــ تەكشۇرۇپ كورۇڭلار!

تېلېفون بېرىلدى.

ــ ئەلۋەتتە، تىزىملىتىلمىغان. يالغان گۇۋانامە.

ــ بۇنى ساڭا كىم بەردى؟

ــ ساقچى ئىدارىسى.

تاياق بىلەن سالـدى. يەنە بىرنى سالـدى. ئۇچىنـچىسـمۇ تەگـدى. ساناپ ئولـتۇرۇشۇم كېرەكمۇ؟ دوسـتۇم، بۇ سانـنىڭ

ھىچقاچان، ھىچ قەيەردە كېرىگى بولماس.

— ئېتىلىڭ نىمە؟ ئېيت دەيىمەن! قەيەردە تۇرىسەن؟ ئېيت دەيمەن! كىم بىلەن ئۇچراشتىڭ؟ ئېيت! يوشۇرۇن ئالاقىلىشىدىغان يەرلىرىڭلار قەيەرلەردە؟ ئېيت! ئېيت! ئېيت! ئېيتمىساڭ ئېتىپ تاشلايمىز!

ساغلام ئادەم قانچىلىك تاياق كوتىرىشى مۇمكىن؟

رادىيو خەۋىرى بويىچە يېرىم كېچە بولدى. كوفىخانىلار يېپىلىپ، ئاخىرقى خېرىدارلارمۇ ئويلىرىگە قايتىشماقتا، تېپىشقان قىز بىلەن يىگىت بىر بىرسىنى قىيالماي دەرۋازا تۇۋىدە تۇرۇشاتتى. سوزامپاي، قاتاڭغۇر ساقچى بېشى ھىجىيىپ بولمىگە كىرىپ كەلدى ـ دە:

— ھەممە ئىش ئېنىقلاندى، — قانداق، مۇھەررىر ئەپەندىمۇ سىز؟

ئۇلارغا بۇنى كىم ئېيتقاندۇ؟ يېلىنكىلارمۇ؟ ياكى فىرىدلارمۇ؟ بىراق ئۇلار مىنىڭ ئېتىمنىمۇ بىلمەيتتىغۇ!

— كوردۇڭمۇ، بىزگە ھەممىسى مەلۇم. ئەمدى ئۇزەڭ ئېيت، ئەقلىڭگە كەل.

مۇنداقمۇ قاملاشتۇرۇپ ئېيتىلغان سوز بولۇرمۇ، ئەقلىڭگە كەل دىگىنى ساتقىنلىق قىل دىگەن سوز ئىكەن ـ دە.

مەن ئەقلىمگە كېلەلمەيمەن.

— باغلاڭلار بۇنى! بۇنى سەل چوچۇتۇپ قويۇش كېرەك! سائەت بىر. ئەڭ ئاخىرقى تىرامۋاي تۇرالغۇسىغا كېتىۋاتىدۇ،

كوچىلار بوشانغان، رادىيو ئۆزىنىڭ ئەڭ زوقمەن ئاڭلىغۇچىلىرىغا ياخشى چۈش كورۈڭلار دەۋاتىدۇ.

— مەركىزىي كومىتېتتا سېنىڭدىن باشقا يەنە كىملەر بار؟ سىلەرنىڭ رادىيو ئىستانساڭلار قەيەردە؟ باسمىخاناڭلارچۇ؟ ئېيت! ئېيت! ئېيت دەيمەن!

ئەمدى ماڭا تېگىۋاتقان تاياقنى ساناش ئوڭاي ئىدى، چۈنكى پەقەت ئوزەم چىشلىۋالغان كالپۈكلىرىملا ئاغرىيتتى.

— ئايغىنى سىلىۋېتىڭلار!

راستلا، تاپىنىم تېخى كۆيۈشمىگەن ئىدى. مەن ئاغرىقنى سېزىپ تۇرىمەن. بەش، ئالتە، يەتتە، تەككەن تاياق خۇددى مىخەمگە چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

سائەت ئىككى، ئاللىقانداق بىر ئويلەردە چۈشەكەپ يىغلىغان نارەسىدە باللار ۋە ئاياللىنى پەپىلەپ ياتقان ئەركەك بولمىسا، پىراڭا تولۇق ئۇيقۇغا چوككەن ئىدى.

— ئېيت! ئېيت دەيمەن!

تىلىمنى چىشلىرىمنىڭ گوشىگە ياقلىتىپ، قانچە چىشىمنى سۇندۇرغانلىغىنى سانىماقچى بولىمەن، زادىلا سانىنى چىقىرال- مىدىم. ئون ئىككى، ئون بەش، ئون يەتتە؟ ياق، بۇ مېنى "سوراق" قىلىۋاتقان مەخپى ساقچىلارنىڭ سانى. ئېھتىمال، قايسىبىرلىرى ھېرىپ كەتسمۇ كېرەك. ئولۇمدىن تېخىچىلا دېرەك يوق.

سائەت ئۈچ. شەھەرنىڭ چېتىدىن تاڭمۇ يورۇۋاتىدۇ.



www.uyghurkitap.com

كوكتات ساتقۇچىلار بازارغا قاراپ مېڭىشتى، كوچا سۈپۈرگۈچىلەر ئىشقا چىقىشتى. يەنە بىر ئەتىگەن كۈن كورىدىغان رىسقىم بولسا كېرەك.

مېنىڭ ئايالىمنى ئېلىپ كىردى.

— سىز بۇ ئادەمنى تونۇمسىز؟

ئايالىم كورمىسۇن ئۇچۇن، كالپۇكۇمدىكى قانىلارنى يالىۋالدىمۇ..... ئەلۋەتتە بۇ مېنىڭ هاماقەتلىكىم ئەمەسمۇ، چۈنكى پۈتۈن يۈز-كوزۇمدىن، هەتتا ئۇششاق قوللىرىمنىڭ ئۇچىدىن تەپچىرەپ قان ئېقىپ تۇرۇپتۇ.

— سىز بۇ كىشىنى تونۇمسىز؟

— تونىمايمەن!

ئايالىمنىڭ بەرگەن جاۋاۋى شۇ بولدى، هەتتا چىرايىدىن هېچقانداق قورقۇنچ بەلگىسىنى كورسەتمىدى. جېنىم! ئۇ سوزىدە تۇردى، هەرقانداق شارائىتتا مېنى تونىمايدىغان بولۇۋېلىش دېگەن ۋەدىگە ئەمەل قىلدى، شۇنداقتىمۇ ئەمدى بۇنىڭ ئەهمىيىتى يوق ئىدى. مېنىڭ ئېتىمنى ئېيتىپ بەرگەن زادى كىم بولغاي؟

ئايالىمنى ئېپچىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئىللىق قارىشىم بىلەن خوشلاشتىم. ئېھتىمال، مېنىڭ بۇ قارىشىم زادى ئىللىق كورۈنمىگەندۇ. بىلمەيمەن.

سائەت توت. تاڭ ئاتتىمۇ ياكى ئاتمىدىمۇ؟ قېلىن پەردىلەر بىلەن يېپىۋەتكەن دەرىزىلەر جاۋاپىمۇ بەرمەيدۇ. لېكىن ئۇلۇممۇ

www.uygurkitap.com

هازىر كېلىدىغاندەك ئەمەس. ئۇلۇمنى قارشى ئالايمۇ-يە؟ قانداق قارشى ئالاي؟

مەن كىمنىدۇ بىرسىنى ئۇرۇۋەتتىمدە، يەرگە يىقىلدىم. مېنى تېپىشتى، دەسسەشتى. ياخشى بولدى، ئەمدى مەن چاپسانراق ئۆلىدىغان بولدۇم. قارا چاپان كىيگەن بىر ساقچى شاپ قىلىپ ساقلىمىدىن تۇتۇپ سىلكىپ، يۇلۇۋالغان بىر تۇتام تۈكنى ماڭا كورسىتىپ، كورەڭلىنىپ كۈلەتتى. بۇ ئەجەپ كۈلكىلىك. مەن ئەمدى ھېچقانداق ئاغرىق سەزمەيمەن.

سائەت بەش، ئالتە، يەتتە، ئون، چۈش ۋاقتى، ئىشچىلار ئىشقا ماڭدى ۋە ئىشتىن قايتماقتا، بالىلار مەكتەپكە ماڭدى ۋە مەكتەپتىن قايتماقتا، دۇكانلار سودا قىلىۋاتىدۇ، ئۆيلەردە چۈشلۈك تاماق تەييارلاۋاتىدۇ، ئاپام مېنى ئويلاۋاتىدىغاندۇ، دوستلىرىم مېنىڭ قامالغانلىقىمنى بىلىپ، تىلىدىن ئىلىنىپ، بەزى نەرسىلەرنى ئېيتىپ قويغۇدەك بولسا قانداق قىلارمىز دەپ خوپلىنىپ، ساقلىنىش چارىلىرىنى كورۈۋاتىدىغاندۇ.....

ياق، قورقماڭلار، مەن ساتقىنلىق قىلمايمەن، ماڭا ئىشىنىڭلار! ئۇلۇمنىڭ كېلىشىمۇ يىراق ئەمەس. ھەممىسى خۇددى ئاغرىق ئادەمنى قارا باسقاندەك، بىر قېتىم كورگەن چۈش. تاياق-توقماقتىن كېيىن، ئۇستۇمگە سۇ قۇيۇلىدۇ، ئاندىن يەنە ئۇرىدۇ، ئاندىن كېيىن يەنە: "ئېيت! ئېيت! ئېيت!" دېيىشىدۇ. مەن بولسام تېخىچىلا ئۇلەلمەي ياتىمەن. جېنىم ئانا! جېنىم ئاتا! نېمىشقىمۇ شۇنچە چىدامىلىق تۇغۇلغاندىمەن؟

سائەت بەش، كەچ كىردى، ئۇلار ئۇرۇپ ـ ئۇرۇپ ھاردى. ئۇرۇش ئەمدى شالاڭلاپ قالدى، ئاندا ـ ساندا بولمىسا، بىسىپ ئۇرۇشتىنمۇ توختىدى. توساتتىن، قانداقتۇ بىر كوزگە كورۇنـ مەس يىراقلىقتىن:

① "Er hat schon genug!"

دىگەن سۆس، ئاغرىنغاندەك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

مانا مەن ئولتۇردۇم، ئالدىمدىكى شىرە ئىغاڭلاپ تۇردۇ، كىمدۇ بىرى ماڭا سۇ بىردۇ، كىمدۇ تاماكا تۇتىدۇ، ئۇنى تۇتۇشقا مىنىڭ قولۇمدا دەرمان يوق. كىمدۇ بىرسى ئاياق كىيىمىمنى كىيگۈزمەكچى بولىدۇ ـ دە، يەنە: سىغمىدى، دەيدۇ. كىيىن يەنە كىمدۇ بىرسى مىنى پەلەمپەيدىن يىرىمسىغا يولەشتۇرۇپ، يىرىمىغا سورەپ توۋەنگە ئىلىپ چۈشۈپ، ماشىنىغا سالىدۇ؛ بىز ماشىنىدا كىلىۋاتىمىز. بىرسى ماڭا يەنە تاپانچىسىنى قارىتىپ قويىدى، مىنىڭ بۇنىڭغا كۈلگۈم كىلىدۇ. بىز يەنە ئاق گۈل دەستىلىرى بىلەن بىزەپ، توي تارتىپ كىلىۋاتقان تىرامـ ۋاينىڭ قىشىدىن ئوتتۇق، بەلكىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشۈم بولىسا كىرەك، ياكى ئولۇم ئالدىدىكى جويلۇشمۇ، ئولۇم ئازاۋىمۇ، بولمىسا ئولۇمنىڭ ئوزىمۇ؟ ئولۇش قىيىن نەرسىغۇ، لىكىن، ماڭا ئۇنىڭ زادى قىيىنچىلىغى يوق، مەن ئەمدى خۇددى بىر تال پەيدەك يىپ ـ يىنىكمەن، يەنە بىرلا "ئۇھ"

---

① نىمىسچە: "بەس، بۇنىڭغا يىتەرلىك بولدى!"

دەپ دەم ئالسام ـــ ئىش تامام.

تامام بولدىمۇ؟ تېخى تامام بولمىدى، تېخى تامام بولۇش ۋاقتى بولمىدى. مەن يەنە تۇردۇم، راستلا تۇردۇم، ھېچكىمنىڭ ياردىمىسىز ئۆزەم تۇردۇم. مېنىڭ ئالدىمدا بولغان سېرىق تام تۇرىدۇ، تامغا نىمە چېچىلغان؟ قان بولسا كېرەك......ھە، ئەلۋەتتە بۇ قان، مەن ئۇنى قولۇم بىلەن سىلاپ كۆرۈپ باقتىم......، ھەئە، مانا شۇ، يېڭى چاچرىغان مېنىڭ قېنىم......

بىرى كەينىمدىن كېلىپ، بېشىمغا ئۇردى ـ دە، قولۇمنى كوتىرىپ، بىر ئولتۇرۇپ ـ بىر قوپۇشقا بۇيرۇدى. ئۈچىنچى قېتىمقىسىدا يىقىلدىم......

سوزامپاي بىر ئېسئېسچى① مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ، مېنى تېپىپ تۇرغۇزۇشقا تىرىشىدۇ. لېكىن بۇنىڭ نىمە كېرىگى؟ كىمدۇ بىرى ماڭا يەنە سۇ قۇيدى، يەنە تۇرۇپ ئولتۇرىمەن، قانداقتۇ بىر ئايال ماڭا دورا سۇنۇپ، مېنىڭ قەيىرىم ئاغرىيدىغانلىقىنى سورىدى، مانا بۇ ۋاقىتتا بارلىق ئاغرىق مېنىڭ يۈرىگىمگە يىغىلغاندەك سېزىلەتتى.

ـــ سېنىڭدە يۈرەك يوق، ـــ دېدى سوزامپاي ئېسئېسچى.

ـــ ھە، مەندە يۈرەك بار، ـــ دېدىم مەن. مەن ئۆزەمدە

① ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ پارتىيە قوروقچىلىرى، ياكى قارا كوينەك قوروقچىلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

تېخى يۈرىگىمنى ئاسرىغۇدەك يېتەرلىك كۈچ بارلىغىغا دەررۇ پەخىرلەندىم.

كېيىن يەنە تاممۇ، دورا سۇنغان ئايالمۇ، سوزامپاي ئېسئېسچىمۇ، ھەممىسى كوز ئالدىمدىن غايىپ بولدى......

مانا ئالدىمدا كامىرىنىڭ ئىشىگى ئوچۇق تۇرىدۇ. يوغان قوساق بىر ئېسئېسچى سورەپ، كامىرا ئىچىگە ئېلىپ كىردى ـ دە، ئۈستۈمدىكى جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن كوينەكنى تارتىپ يېشىپ، ساماندىن ياسالغان چۈشەككە ياتقۇزدى، ئاندىن كۈپتەك ئىششىپ كەتكەن بەدەنلىرىمنى تۇتۇپ كورۇپ: ”لاتا بىلەن تېگىپ قويۇڭلار“ دەپ بۇيرۇق بەردى.

— قارىغىنا، — دىدى ئۇ بېشىنى چايقاپ ئىككىنچى بىرىگە قاراپ، — پاھ، ئۇرۇشقىمۇ ئۈستىغۇ بولار!

كېيىن يەنە ئاللىقاياقتىندۇ، كورۈنمەس يىراقتىن:

— تاڭ ئاتقۇچە قالمايدۇ، — دىگەن سۇس، ئاغرىنغاندەك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

سائەت ئون بولۇشقا بەش مىنۇت قالدى. 1942 ـ يىلى 25 ـ ئاپرېل، ئاجايىپ گۈزەل ۋە ئىللىق باھار ئاخشىمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئىككىنچى باپ

## ئولۇم ئالدىدىكى ئازاپ

كوزدىن چىراق ئوچكەندە،
جانىمۇ قالماس بۇ تەندە.

قوللىرىنى ئالدىغا قوشتۇرغان ئىككى ئەر ئاق گۇمبەزنىڭ ئىچىدە بىر دائىرىنى چورىدەپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئاستا ۋە سالماقلىق بىلەن چامداپ، ماس كەلمىگەن ئاۋاز بىلەن سوزۇپ-سوزۇپ قايغۇلۇق مۇناجات ئوقۇيتتى.

كوزدىن چىراق ئوچكەندە،
جانىمۇ قالماس بۇ تەندە.
تۇن قاراڭغۇسى يوق يەرگە
تەگرى بىزنى قىچقىرار......

كىمدۇ بىرسى ئولگەن ئوخشايدۇ. كىم بولغاي؟ مەن بېشىمنى بۇراپ قارىماقچى بولىمەن......ئېهتىمال تاۋۇتقا سىلىنىپ، بېشىغا ئىككى دانە شامنى ياندۇرۇپ قويغان مۇردىنى كورەرمەن

دەيمەن.

تۇن قاراڭغۇسى يوق يەرگە
تەگرى بىزنى قىچقىرار......

مەن تەسلىكتە كوزۇمنى ئاچتىم. لېكىن ھېچ نەرسىنى كورەلمىدىم، ھېچكىم يوق، يالغۇز شۇ ئىككىسى بىلەن مەنلا. بولمىسا بۇلار كىمگە ئۇزىنىش ئايىتى ئوقۇۋاتىدۇ؟

ياراتقان تەگرىم يۇلتۇزى
مەڭگۇ يورۇتقان يەرگە.

بۇلار بىرسىنىڭ نامىزىنى چۇشۇرۇۋاتىدۇ، بۇنىڭدا گەپ يوق، راستىنلا نامىزىنى چۇشۇرۇۋاتىدۇ. بۇلار كىمنى دەپنە قىلماقچى بولىدۇ؟ كىم بار بۇ يەردە؟ ئۇ ئىككىسى بىلەن مەنلا. ئاھ، ئەلۋەتتە — مەن! دىمەك، ئۇلار مېنىڭ نامىزىمنى چۇشۇ-رۇپ، دەپنە قىلىۋاتىسا كېرەك. ئاگلاگلار خالايىقلار، بۇ ئۇقۇشۇلماسلىق! مەن ئولگۇنۇم يوق، مەن تىرىك، مەن تىرىك. قاراڭلار، مەن سىلەرگە قاراپ تۇرۇپتىمەنغۇ، سىلەر بىلەن سوزلىشىۋاتىمەنغۇ! توختاڭلار! كوممەڭلار مېنى!

يېقىنلار ھەممىسىدىن
سوراپ كېيىنكى رازىلىق......

ئاڭلىماپتۇ. پاڭمىكىنا بۇلار؟ مەن شۇنچە ئاستا سۆزلەۋاتىدىغاندىمەنمۇ؟ يە بولمىسا، مەن راستلا ئۇلۇپ قېلىپ، مېنىڭ جانسىز ئاۋازىم ئاڭلانمايۋاتامدۇ؟ مەن دۇم يېتىۋېلىپ، ئۆزەمنى دەپنە قىلغىنىنى كورۇۋاتىمەن! قىزىق ئىش ـ ھە!

بىز چىڭ ئۇمىت بىلەن قول سوزۇپ،<br>
كوككە كوزىمىزنى تىكىمىز.

ئېسىمگە كەلدى. كىمدۇ بىرى مېنى تەسلىكتە كوتىرىۋېلىپ، كېيىملىرىمنى كىيگۈزدى، ئاندىن كېيىن مېنى جىرغىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. ناھاللىق ئوتۇكلەرنىڭ تاقىلدىشى ئاردلىقنى چاك كەلتۇردى. ئاندىن كېيىن.....ئېسىمدە قالغىنىنىڭ بارى شۇ. بۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولغىنى زادى ئېسىمدە يوق.

تۇن قاراڭغۇسى يوق يەرگە......

بۇنىڭ ھەممىسى بىكار گەپ. مەن تىرىك. تېنىمنىڭ ئاغرىغىنىنى ھەم ئۇسسۇغىنىمنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس سىزىمەن. ئولگەن ئادەم ئۇسسۇمايدىغۇ. بارلىق كۇچۇمنى سېلىپ قولۇمنى مىدىرلىتىشقا ئۇرۇندۇم، مېنىڭ ئاۋازىمغا ئوخشىمايدىغان، باشقىچىلا بىر ئاۋاز بىلەن:

— ئۇسسۇلۇق! — دىگەننى ئاڭلايمەن.

ئاخىرى ئەمەلگە ئاشتى. بۇ ئىككى ئادەممۇ دائىرىنى چوگ-لەشتىن توختىدى. ئۇلار مېنىڭ ئۇستۈمگە كېلىپ ئېگىشتى، ئۇلاردىن بىرسى مېنىڭ بېشىمنى كوتىرىپ، چومۇشتىكى سۇنى ئاغزىمغا ئېپكەلدى.

— ئاغىنە، بىر نەرسە يىيىش كېرەك-تە! مانا ئىككى كۈندىن بېرى سەن سۇدىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئاغزىڭغا ئالمىدىڭ.

بۇ نىمە دەيدۇ؟ ئىككى كۈن؟ بۇگۈن كۈنگە نىمە؟

— دۈشەنبە.

دۈشەنبە. مېنى جۈمە كۈنى قولغا ئالغان. بېشىم يېرىلىپ كېتىپ باردۇ! سۇ قانداق سۇزۇك! ئۇيىقۇم كەلدى! مېنى ئۇخلىغىلى قويۇڭلار! بىر قىزىل تامچا بۇلاققا تامچىپ چۈشۈپ، بۇلاقنىڭ سۇزۇك سۈيىنى بۇلغۇەتتى. بۇ تام باغرىدىكى بۇلاق، مەن بىلىمەن، ئۇ روكلاندىكى ئورمان جىسەكچىسىنىڭ كەپىسىنىڭ يېنىدىكى بۇلاق......ئۇششاق ياققان يامغۇر قارىغاي يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلاتتى......قانداق تاتلىق ئۇيقۇ!

......يېنىپ ئويغانغان ۋاقتىم، سەيشەنبە كۈنى كەچقۇرۇن ئىدى. ئۇستۈمدە قاراپ بىر ئىت تۇرىدۇ. بۇ ساقچى ئىت ئىدى. ئۇ ئوزىنىڭ چىرايلىق ۋە ئەقىللىق كوزلىرىنى مېنىڭدىن ئالماي قاراپ تۇرغان ھالدا، مېنىڭدىن:

— سەن قەيەردە تۇرىسەن؟ — دەپ سورىماقتا.

ياق، بۇنى سورىغان ئىت ئەمەس. باشقا بىر ئادەمنىڭ

ئاۋازى. مېنىڭ ئۈستۈمدە كىمدۇر بىرسى تۇرىدۇ، بىر جۈپ ئوتتۇكىنى كوردۇم، ئىككىنچى بىر ئوتتۇك ۋە ھەربىرى شىمنىڭ پۇشقىغىنى كورۇپ تۇرىمەن، يۇقۇرى قاراشقا ھالىم كەلمەيدۇ. چۈنكى بېشىم ئايلىنىپ تۇراتتى. ئېخ! بۇلار بىلەن چاتىقىم نىمە، مېنى ئۇخلاشقا قويۇڭلار......

چارشەنبە.

ھىلقى مۇناجات ئوقۇغان ئىككى ئەر ھازىر شىرەنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ھىجىرلاردا غىزا ئىچىۋاتىدۇ. مەن ئەمدى ئۇلارنى پەرق قىلالمايمەن. بىرى ياشراق، يەنە بىرى توختىغان، ئۇلار موللىلارغا ئوخشمايدۇ. ھازىر كورۇپ ئولتۇرغىنىممۇ گۇمبەز ئەمەس، ھەممە تۇرمىلەردە ئۇچرايدىغان ئادەتتىكى كامىرلارغا ئوخشاشلا، ئاستى تاختاي، ئېغىر قارا ئىشىكلىك تۇرمە كامىرى ئىدى.

قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچى شاراقلىدى، ھەر ئىككى كىشى ئورۇنلىرىدىن چاچراپ قوپۇپ، تىك تۇرۇشتى. ھەربىچە كىينىگەن ئىككى ئېسئېسچى مېنى كىيىندۇرۇشكە بۇيرۇدى، — يەڭ ۋە پۇشقاقلارنى سايقىچە مۇنداق ئازاپلىنىپ كېتىدىغانلىغىمنى زادى ئويلىمىغان ئىدىم. مېنى جىرغىغا سىيلىپ، پەلەمپەي بىلەن توۋەنگە ئېلىپ ماڭدى، ناھالىلىق ئوتتۇكلەرنىڭ تاقىلدىغان ئاۋازى ئارىلىقنى چاك كەلتۇردى......مېنى بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ بىھوش ھالەتتە مۇشۇ ئارىلىق بىلەن ئېلىپ ماڭغان ئىدى. بۇ ئارىلىق قەيەرگىچە بارىدىكىن؟ ئۇ قايسى دوزاققا ئاپىرىدىكىن؟

ئۇلار مېنى پانكراتستىكى ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۇرمىسىنىڭ

قاراڭغۇ، سورۇن بىر قوبۇلخانىسىغا كوتىرىپ كىرىپ، جىرغىسىنى يەرگە قويۇشتى. بىر چېخ ياسىما يۇمشاق ئاۋازى بىلەن زەھەر-دەك غەزەپلىك نېمىس سوزلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تۇراتتى.

— مۇنۇ ئايالنى تونۇمسەن؟

مەن ئىڭگىمنى تۇتۇپ تۇردۇم. جىرغىنىڭ يېنىدا يۇزلىرى دۇگىلەك كەلگەن ياش بىر قىز تۇرۇپتۇ. ئۇ مەغرۇر ھالدا بېشىنى ئىگىز كوتىرىپ، چاندۇرماستىن، ئوزىنى قاتتىق تۇتۇپ، تىك تۇراتتى، پەقەت كوزىنى مېنى كورگۇدەكلا ھەم كوز ئىشارىسى ئارقىلىق مېنىڭ بىلەن سالاملاشقۇدەكلا تووەن سىلىپ تۇراتتى.

— ياق، تونۇمايمەن.

مەن بۇ ئايالنى ھىلىقى پىرە ئوينىغان كېچىسى پىتىچىك سارىيىدا چالا-پۇچۇق كورگەن ئېسىمدە بار. ئەمدى ئىككىنچى قېتىم كورۇشۇپ ئولتۇرىمىز. ھەتتىنگىنەي، بىز ھەرگىز ئۇچىنچى قېتىم كورۇشەلمەيمىزغۇ، يەنە كورۇشۇشكە نېسىپ بولسا، ئۇنىڭ ئوزىنى قاتتىق تۇتۇپ، كورسەتكەن بۇيۇك باتۇرلۇغىغا ھورمەت بىلدۇرۇپ، قولىنى قاتتىق قىسقۇم بار ئىدى. ئۇ ئارنۇشت لورىتسىنىڭ ئايالى ئىدى. ئۇنى 1942-يىلىدىكى ھەربى ھالەت-نىڭ① بىرىنچى كۇنلىرىلا ئولتۇرۇۋەتكەن ئىدى.

① 1942-يىلى 5-ئاينىڭ 27-كۇنى، چېخوسلوۋاكىيە بىلەن ماراۋىيىنى باشقۇرۇپ تۇرغان ناتسىستلار باشلىغى خېندرىش نەيزە سانچىپ ئولتۇرۇلگەنلىگى ئۇچۇن، پۇتۇن چېخوسلوۋاكىيە بويىچە ھەربى ھالەت ئېلان قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com

— قېنى، مۇنۇ ئايالنىغۇ چوقۇم بىلسەن؟

ئانچىكا ئىراسكۇا؟ يا ئاللا، ئانە، سىز بۇ يەرگە قانداق كېپقالغانسىز؟ ياق، مەن سىزنىڭ نامىڭىزنى ئاتىغىنىم يوق، سىز مېنى بىلمەيسىز، مەنمۇ سىز بىلەن تونۇش ئەمەسمەن، ئۇقۇۋاتامسىز؟ بىز تونۇش ئەمەسمىز!

— بۇ ئايالنىمۇ تونۇمايمەن.

— ھۇشۇڭنى تاپ، قېرى ئەبلەخ!

— بىلمەيمەن!

— يۇلىپ، ئەمدى بۇنىڭ كېرىگى يوق، — دىدى ئانچىكا، پەقەت ئۇنىڭ قولىياغلىقىنى مىجىغلاپ تۇرغان ئۇششاق بارماقلىرىنىڭ بىلىنەر-بىلىنمەس ھەركەتلىرىلا ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ تولقۇنلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. — ئەمدى كېرىگى يوق، ساتقىنلار مېنى ئاللىقاچان ئېيتىپ قويۇشتى.

— كىم؟

— ئاغزىڭنى يۇم! — دەپ بىرسى ئۇنىڭ سوزىنى ئۈزدى، ئۇ ئىڭشىپ، ئەمدىلا ماڭا قولىنى سوزغان ۋاقتىدا، ئۇلار ئۇنى غاچ قىلىپ ئىتتىرىۋەتتى.

ئانچىكا!

باشقا سوئاللىرىنى ئاڭلىيالمىدىم. بەدىنىمنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولماي، يىراقتىن قاراپ تۇرغان تاماشىچىلاردەك، ئىككى ئېسسېسچى مېنى جىرغىغا سىلىپ، كامىرىغا قايتۇرۇپ ئېلىپ كىرگەندەك قىلدى. ئۇلار جىرغىنى قوپاللىق بىلەن

سلكىپ يەرگە قويدى ۋە كۈلىشىپ، بۇنىڭدىن كورە سىرتماقتا پۇلاڭلىغىنىڭ ياخشى ئەمەسمىدى، دېيىشتى.

پەيشەنبە.

مەن ئەمدى ئەتراپىمدا نىمە بولۇۋاتقىنىنى پەرق قىلالايدىغان بولدۇم. مېنىڭ ھەمراللىرىمنىڭ ئىچىدە كارىل دىگەن بىر ياش بار ئىكەن، ئۇ باشقا بىر چوكاراغىنى "ئاتا" دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلار ماڭا ئۆزلىرىنىڭ بەزى كەچۈرمىشلىرىنى سوزلەپ بېرىۋاتىدۇ، لېكىن مېنىڭ كاللامغا ھېچ نەرسە كىرمەيتتى...... قانداقتۇ بىر كان بار ئىمىش، ئاللىقانداق باللار ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرارمىش، قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ، بىرەر جايغا ئوت كەتكەن چېغى. ھەر كۈنى ماڭا دوختۇر بىلەن ئېسىئېسچى سېستىرا كېلىپ تۇرارمىش. مېنى ئەھۋالى يامان ئەمەس، يېقىن كۈنلەردىلا يەنە دەس قوپىدۇ دېيىشەرمىش. بۇنى "ئاتا" ماڭا يېنىش-يېنىش ئېيتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرىدۇ، كارلىك① بولسا ھە دەپ ئۆزىنىڭ پىكرىگە قوشۇپ ئولتۇرىدۇ، شۇڭا مەن مۇشۇنداق ئەھۋالدا تۇرغان بولسامۇ، ئۇلارنىڭ مېنىڭ كوڭلۇمنى ياساۋاتقانلىغىنى بىلىپ تۇرىمەن. راستلا ئوبدان يىگىتلەر ئىكەن! بىراق ئۆزەمنىڭ ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشىنەلمەيدىغىنىمغا ئېچىنىمەن.

چۈشتىن كېيىن.

---

① كارلىك — كارلىنىڭ يېقىنلىق بىلەن ئېيتىلىشى.

كامېرنىڭ ئىشىگى ئېچىلدى ۋە ھېچ تىپىرلىماي بېسىپ يۈگۈرۈپ كىرگەن ئىت بېشىمغا كېلىپ يەنە ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇردى. قاتارلىشىپ يەنە ئىككى جۇپ ئۆتۈك كۆرەندى. ئەمدى مەن ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىكلىرىنى بىلدىم: بىرىنچى جۇپ ئۆتۈك ئىتنىڭ ئىگىسى ــ پانكراتستىكى تۈرمە نازارەتچىسىنىڭ ئۆتۈگى، ئىككىنچىسى، ئۇكۇنكى كېچىسى مېنى سوراق قىلغان مەخپىي ساقچى ئىدارىسىنىڭ كوممۇنىزىمغا قارشى بۆلۈمىنىڭ باشلىقىنىڭ ئۆتۈگى. ئەنە پۇقراچە شىم كىيگەن يەنە بىرىنىڭ كولەڭگىسى. مەن ئۇنىڭ شىمىدىن يۇقۇرىلاپ كۆز يۈگۈرتتۈم، ھە، توغرا، مەن ئۇنىمۇ بىلىمەن، ئۇ ھېلىقى مەخپىي ساقچى ئىدارىسىنىڭ سوزامىپاي، قاتاڭغۇر كەلگەن باشلىقى. ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، سوراققا كىرىشتى.

ــ سەن ئۆلتۈردۈڭ. ھېچ بولمىغاندا ئۆز بېشىڭنىڭ غېمىنى يېسەڭ بولاتتى. خوپ، سۆزلە.

ئۇ ماڭا تاماكا تۇتتى. قولىنى قايتۇرۇۋەتتىم، مەن ئۇنى قولۇمدىمۇ تۇتالمايمەن.

ــ باكسلارنىڭ ئويىدە قانچە ئۆزۈن تۇردۇڭ؟

باكسلارنىڭ ئويىدە! بۇنىمۇ بىلىشۋاپتۇ! بۇلارغا كىممۇ ئېيتقاندۇ؟

ــ كورۇپ ئولتۇرامسەن. بىزگە ھەممىسى مەلۇم. ئېيت ئۆزەڭ!

سىلەرگە ھەممىسى مەلۇم بولغان بولسا، ماڭا ئېيتىشىنىڭ

نىمە ھاجىتى؟ مەن ئۆمرۈمنى مەنىلىك ئۆتكۈزدۈم، ئەمدى ئۆلۈش ئالدىدا قانداقمۇ بۇ پاك ھاياتىمنى بۇلغايمەن؟

سوراق بىر سائەتكە سوزۇلدى. سوراقچى ۋاقىرىماي، چىدامىلىق بىلەن بىر بەرگەن سوئالنى نەچچە قايتۇرۇپ تەكرارلايدۇ. ھىچ جاۋاپ ئالالمىغاندىن كېيىن، ئىككىنچى، ئۈچىنچى...... ئۇنىنچى سوئالغا كوچىدۇ.

— سەن نىمىشقا چۈشەنمەيدىغانسەن؟ ئىش تامام بولغان، بىلدىڭمۇ؟ سىلەر ئۇتتۇردۇڭلار.

— پەقەت مەنلا ئۇتتۇرۇپ قويدۇم.

— سەن كوممۇنىزىمنىڭ يېڭىپ چىقىدىغانلىقىغا تېخىچىلا ئىشىنەمسەن؟

— ئەلۋەتتە.

— ئۇ تېخىچىلا ئىشىنەمدىكەن — تېخىچىلا روسىيىنىڭ ئۇتۇپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنەمدىكەن؟ — دەپ نېمىسچە سوردى بولۇم باشلىغى، سوزامىپاي، قاتاڭغۇر ساقچى باشلىغى ئۇنىڭ گېپىنى ئۇرۇپ بەردى.

— ئەلۋەتتە. باشقىچە ئاقىۋەت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

مەن تازا ھاردىم. پۈتۈن كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ تاقابىل تۇرماقچى بولدۇم، لېكىن جاراھەتتىن قان ئېقىۋاتقاندەك سېزىلدى، ھوشۇمدىن كېتىپ باراتتىم. كېيىن كىمنىڭدۇ قول ئۇزاتقىنىنى كورگەندەك قىلىپ قالدىم، — بۇلار مېنىڭ قاراڭغۇ-لىشىۋاتقان كوزلىرىمدە ئۇلۇم ئەسىرىنى كورگەن تۇرمىچىلەر

بولسا كىرەك. ھەقىقەتەنمۇ، بەزى ئەللەردە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنى ئۆلتۈرۈش ئالدىدا جاللاتلارنىڭ سۆيۈپ قويىدىغان ئادىتى ھېلىمۇ بار ئىدى.

ئاخشام.

قوللىرىنى قوشتۇرغان ئىككى ئادەم بىر دائىرىنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى مېڭىپ ئايلىنىپ، ئىگىز-پەس ئاۋاز بىلەن قانداقتۇ بىر مۇڭلۇق مۇناجاتنى سوزۇپ ئېيتىشاتتى:

كۆزدىن چىراق ئۆچكەندە
جانمۇ قالماس بۇ تەندە.....

ئەي خالايىق، قويساڭلارچۇ! بەلكىم بۇ ناخشاڭلار ياخشى ناخشىدۇر، لېكىن بۈگۈن بولمايدۇ..... بۈگۈن 1-ماينىڭ ھارپىسى؛ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ خوشاللىق، ئەڭ ياخشى بايرىمىنىڭ ھارپىسى! مەن كۆڭۈللۈگرەك بىر ناخشا ئېيتىشقا ئۆرۈنىمەن، لېكىن بۇ ناخشام تېخىمۇ مۇڭلۇقراق بولۇپ چىقسا كېرەك، چۈنكى كارلىك دەرھال ئۇ ياققا ئورۇلۇۋالىدى، "ئاتا" بولسا كۆز يېشىنى سۈرتۈشكە باشلىدى. مەيلى، كارىم نىمە، ناخشامنى ئېيتىۋېرىمەن. ئۇلارمۇ ئاستا-ئاستا ماڭا قوشۇلۇپ ئېيتىشقا باشلىدى. مەن قانائەتلىنىپ ئۇيقۇغا كەتتىم.

1-ماي ئەتىگىنى.

تۈرمە مۇنارىسىدىكى سائەت ئۈچنى ئۇردى. سائەتنىڭ

ئۇرغىنىنى بىرىنچى قېتىم ئوچۇق ئاڭلاپ تۇرىمەن. قامالغاندىن بۇيان مانا بىرىنچى قېتىم ئۇز ھۇشۇم بىلەن ئولتۇرىمەن. مەن ساپ ھاۋانى، ئوچۇق دەرىزىدىن كىرگەن شامالنىڭ سوقۇۋاتقانـ لىغىنى سېزىمەن، شامال مېنىڭ پولغا سېلىنغان سامان چۈشىگىمنى يەلپۈيدۇ، سامانلار مېنىڭ مەيدەم ۋە قوساقلىرىمغا سانچىلىدۇ. ئەزايىمنىڭ ھەر بىر كىلىتكىسى تۇرلۇك مۇقامدا شىقىراپ قاتتىق ئاغرىيدۇ، دېمىم سىقىلىپ تۇرىدۇ. تۇيۇقسىزلا، دەرىزە يوغان ئېچىلغاندەك، كاللامغا: ئومرۇمنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى مۇشۇ بولسا كېرەك، مەن ئولۇپ كېتىۋاتىمەن، دىگەن يورۇق بىر ئوي چۈشتى.

پاھ ئولۇم، ئۇزۇن ۋاقىت كەلمەي كەتتىڭا! راستىنى ئېيتسام، مەن سېنىڭ بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن ئۇچراشسام دەيتتىم. مەن يەنە ئەركىن ئومۇر سۇرۇپ، كوپ ئىشلارنى قىلارمەن، يەنە مۇھەببەت قويىنىدا يۇرەرمەن، كوپ ناخشىلار ئېيتارمەن، دۇنيانى ئارىلاپ كوپ كېزەرمەن دەپ ئويلايتتىم. چۈنكى ئەمدى مېنىڭ دىگەندەك تولغان ۋاقتىم بولغاچقا، مېنىڭدە شۇ قەدەر كۇچ ـ غەيرەت كوپ ئىدى. ئەمدى ئۇلار يوق، تامام.

مەن ھاياتنى سۇيىمەن، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ مەن ھايات ئۇچۇن كۇرەشكە چىققان ئىدىم. خەلق، مەن سىلەرنى سۇيەتتىم، سىلەرمۇ مېنىڭ مۇھەببىتىمگە مۇھەببەت قايتۇرغىنىڭلاردا، ئوزەمنى بەختلىك دەپ سانايتتىم؛ سىلەر مېنى چۈشىنەلمىگەن ۋاقىتلاردا قىينىلاتتىم. كىمنىڭ مەندىن كوڭلى ئاغرىغان

بولسا — مېنى كەچۈرسۇن! كىمنى خۇرسەن قىلغان بولسام، مېنىڭ نامىمنى ھەرگىز مۇڭ - ھەسرەت بىلەن بىر يەردە قويمىسۇن. ئاتام، ئانام، قېرىنداشلىرىم سىلەرگە، ئومۇرلۇك يولدىشىم گۇستا ساڭا، كوڭلى يېقىن يولداشلىرىم سىلەرگە، ھەممىڭلارغا بۇ مېنىڭ قالدۇرغان نەسىھىتىم. ئەگەر كوز يېشىڭلار قايغۇلۇق كوڭلۇڭلەرگە ئارام بېرەلىسە، بىرئاز يىغلاپمۇ ئېلىڭلار. لېكىن كوڭلۇڭلەرنى يېرىم قىلماڭلار. مەن خوشاللىق ئۇچۇن تۇغۇلغان، ئەمدى خوشاللىق ئۇچۇن ئولىمەن. شۇڭا مېنىڭ قەۋرىم ئۇستىدە قايغۇ - ھەسرەت چېكىپ يىغلاپ ئولتۇرۇش ئادالەتسىزلىك بولار.

1 - ماي! بىز بۇ سائەتلەردە ئاللىقاچان ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، شەھەر ئەتراپىدا توپلىشىپ، بايراقلىرىمىزنى يەلپۇلدەتەتتۇق. بۇ سائەتنىڭ ئوزىدە موسكۋانىڭ كوچىلىرىدا 1 - ماي كورىگىدىن ئوتىدىغان قىسىملارنىڭ بىرىنچى قاتارلىرى بىردەك ئاياق بېسىپ كېتىۋاتىدىغاندۇ. شۇ تاپتا، مانا مۇشۇ سائەتتە، مىليون - مىليون كىشىلەر ئىنسانىيەت ئەركىنلىكى ئۇچۇن ئاداققى كۇرەشلىرىنى ئېلىپ بارماقتا، بۇ كۇرەشلەردە مىڭلىغان كىشىلەر قۇربان بولار. مەن شۇلارنىڭ بىرسى. ئاداققى جەڭنىڭ جەڭچىلىرىدىن بىرى بولۇش — قانداق ئۇلۇغۋار ئىش - ھە!

بىراق ئولۇش ئالدىدىكى سىقىلىش ئانچە ئۇلۇغۋار ئىش ئەمەس. دېمىم سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ. ماڭا ھاۋا يەتمەيۋاتىدۇ.

كىكىرتىكىمدىن خىرىلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ھەمرالىرىمنى ئويغىتىپ قويمىسام ئوبدان بولاتتى، بىر يۇتۇم سۇ بىلەن كىكىر- تىكىمنى نەملەپ ئالارمىدىم...... لېكىن قاچىدىكى سۇنىڭ ھەممىسى ئىچىلىپ بولغان. مېنىڭدىن ئالتىلا قەدەم نېرى يەردە كامىرنىڭ بۇلۇڭىدىكى سۇيدۇك قاچىسىدا يەتكۈدەك سۇ بار. لېكىن ئۇ يەرگە يېتىشكە ھالىم يېتەمدۇ، يوقمۇ؟

مەن يەر بېغىرلاپ، ئاستا ۋە ئاۋايلاپ سىلجىدىم، ئۆلۈمدە ئەڭ مۇھىم نەرسە ھېچكىمنى ئويغاتماسلىقتەك سېزىلەتتى، مەن ئاخىرى سىلجىپ يەتتىم، سۇيدۇك قاچىسىدىكى سۇنى چاڭقىپ ئىچىشكە باشلىدىم.

ئورنۇمغا قاچان ۋە قانداق سىلجىپ كەلگىنىمنى ۋە بۇنىڭ قانچە ۋاقىتقا سوزۇلغىنىنى بىلمەيمەن. يەنە ھوشۇمدىن كېتىشكە باشلىدىم. تومۇرۇمنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئىشلەۋاتقانلىقىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇپ، تومۇرۇمنى ئىزلەيمەن، لېكىن تاپالمايمەن. يۈرىكىم ئاغزىمغا كېلىپ تىقىلىپ قالدى. ئاندىن دەرھال توۋەن چۈشۈپ كەتكەندەك بولدى. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يىقىلدىم، ناھايىتى ئۇزاقتا يىقىلدىم. يىقىلىپ كېتىپ بېرىپ، كارلىكنىڭ:

— ئاتا، ئاتا! بىچارە جان ئۇزۇۋاتىدۇ! — دىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدىم.

ئەتىگەندە دوختۇر كېلىدۇ.

بۇنىڭ ھەممىسىنى خېلى كېيىن ئۇقتۇم.

دوختۇر مېنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ كورۈپ، بېشىنى چايقايدۇ.

ئاندىن، شىپاخانىغا قايتىپ بېرىپ، كېچە مېنى ئۆلدى
دەپ ئالدىنالا تولدۇرۇپ قويغان ئۆلۈم قەغىزىنى يىرتىپ
تاشلايدۇ- دە، كەسپ ئەھلىچە ئاۋاز بىلەن:
— بەئەينى ئات ئىكەن! — دەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باپ

## 267 ـ كامېرا

ئىشىكتىن دەرىزىگىچە يەتتە قەدەم، دەرىزىدىن ئىشىككىچە يەتتە قەدەم.

مەن بۇنى بىلىمەن.

پانكراتستىكى تۈرمىسىنىڭ بۇ قارىغاي تاختايلىق ئارىلىقىنى سانسىز قېتىم مېڭىپ ئۆلچىگەن ئىدىم! مەن چېخ بۇرژۇئازىيە-سىنىڭ چىرىك سىياسىتىنىڭ خەلق ئۈچۈن قانچىلىك زەرەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەنلىكىم ئۈچۈن، ئىلگىرى تۈرمىگە چۈشكەن ئىدىم①. شۇ چاغدا ياتقان يېرىمۇ مۇشۇ ئۆي بولسا كېرەك. هازىرمۇ ئۇلار مېنىڭ مىللىتىمنى كىرىستكە تارتىپ مىخلاۋاتىدۇ. كامېرىنىڭ ئالدىدىكى ئارىلىقتا نېمىس جىسەكچىلىرى ئۇ ياق-بۇ ياققا ئۆتۈپ يۈرۈشىدۇ. ئەمما قەيەردىدۇ تۈرمىدىن يىراق بىر

---

① 1931 ـ يىلى ياردا فۇچىك يوشۇرۇن هالدا ئىشچى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا زىيارەتكە بارغان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قولغا ئېلىنىپ، پانكراتستىكى تۈرمىگە قامالغان.

جايدا سياسى قارغۇ پەرىلەر يەنە ساتقىنلىق بىرىنى ئىشىۋاتىدۇ.①
ھەممە نەرسىنى بىلىپ يېتىش ئۈچۈن، ئادەم بالىسىغا نەچچە
ئەسىرلەر كېرەك؟ ئىنسانىيەت ئۆز تەرەققىياتى يولىدا قانچە
مىڭ زىنداندا يېتىپ ئۆتتىكىن؟ يەنە قانچە مىڭىدا يېتىپ ئۆتەر-
كىن؟ ئاھ، نىرۇدانىڭ شېرىدىكى ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ قۇت-
لۇق ئوغلى!② "ئىنسانىيەتنىڭ قۇتۇلۇش يولى چەكسىز ئۇزاق"
دىگەن بىلەن دۇنيا ئەمدى ئۇيقۇغا چوككەن ئەمەس، ئويغاق!

يەتتە قەدەم ئۇ چەتكە، يەنە يەتتە قەدەم بۇ چەتكە. بىر
تامغا تىركەپ قويۇلغان يىغما كارۋات، ئىككىنچى تامدا قېقىپ
قويۇلغان سۇررەڭلىك تاختىۋىشى، ئۇنىڭ ئۈستىدە كىر باسقان
كومزەك. بۇلارنىڭ ھەممىسىلا ماڭا تونۇش. ھازىر بۇ يەردىكى

---

① قەدىمقى يۇنان ئەپسانىلىرىدا ئېيتىلىشىچە، ئادەملەرنىڭ ھايات-
مامات تەقدىرىنى ئىگەللەپ تۇرىدىغان ئۈچ موماي بار ئىمىش:
كرورا ھاياتلىق يىپىنى ئىشەرمىش، راخشىس يىپىنىڭ ئۇزۇنلۇغىنى
بەلگىلەرمىش، ئاتلىپوس ئۇنى توختىماي كېسىپ تۇرارمىش.
ھاياتلىق يىپى كېسىلگەندە، ئادەممۇ ئولەرمىش.
② چېخوسلوۋاكىيىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى يان نىرۇدا (1834 — 1891)
1881 - يىلى «تىرىلىش بايرىمىدا ئېيتىلدىغان ئەللەي ناخشىسى»نى
يازغان، ئۇنىڭدا مۇنداق مىسرالار بار: "ئەللەي، قۇتلۇق بالام،
ئەللەي! ئۇيقۇڭدا تويلىغىن كۆچ. ئالدىڭدا يولۇڭ ئۇزاق،
ئىنسانلارنىڭ قۇتۇلۇش يولى چەكسىز ئۇزاق. ئەللەي، قۇتلۇق
بالام، ئەللەي!

بىرمۇنچە نەرسىلەر سەللا مېخانىكىلاشتۇرۇلغان: ئىستىتىش نوسى بېكىتىلگەن، بۇرۇنقى تەرەت چىلەكلىرى ئورنىغا بىر يېرىنى باسسا، سۇ چىقىپ ئېقىتىپ كېتىدىغان تەرەت تەگنىسى ئورنىتىلغان. — لېكىن ھەممىدىن مۇھىمى، بۇ يەردىكى ھەممە ئادەم مېخانىكىلاشتۇرۇلغان. ھەر بىر مەھبۇس بىر ماشىنا. باسماقنى بېسىپ قويسىڭىز، يەنى قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچىنى شالدىر-لىتىپ قويسىڭىز بولدى، مەھبۇسلار ھەرقانداق ئىش قىلىۋاتقان بولسا، ئىشلىرىنى تاشلاپ، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، قاتا-رىسىغا تىك تۇرۇشىدۇ، ئىشىك ئېچىلغان ھامان، كامىرا جىسەك-چىلىرىنىڭ باشلىغى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي:

"Achtung! Celevózi bnzec hcikbelegtmittrajmanalesi-nordnung."①

دەپ مەلۇمات بېرىدۇ.

دىمەك، 267-كامىرا، بۇ بىزنىڭ كامىرىمىز. بىراق بىزنىڭ كامىرىنىڭ ئاپتوماتىك ماشىنىسى ئانچە ئىتتىك چوگىلىمەيدۇ. پەقەت ئىككى مەھبۇسلا يۇگۇرۇپ تۇرىدۇ. مەن دەرىزە ئالدى-دىكى سامان چۇشەكتە ياتىمەن. دۇم چۇشكەن بويۇمچە بىر ھەپتە، ئىككى ھەپتە، بىر ئاي، بىر يېرىم ئاي ياتىمەن-دە، يەنە تىرىلىپ قوپىمەن: بېشىمنى قىمىرلىتالايدىغان بولدۇم، قولۇمنى كوتىرەلەيدىغان بولدۇم، ئىككى جەينىكىمگە تايىنىپ

① "ئاگلاگلار! ئىككى يۈز ئاتمىش يەتتىنچى كامىردىكى ئۈچ مەھبۇس ھەممىسى تۇگەل."

سەل ئورە بولسەن، ھەتتا ئوڭدا ئورۇلۇشكە تىرىشىپ باقمەن..... ئەلۋەتتە، بۇنى باشتىن كەچۈرۈشكە قارىغاندا، تەسۋىرلەپ يېزىشنىڭ ئوڭايلىغى كوپ بولسا كېرەك.

كامىرىدىمۇ سەل ئوزگىرىش بولدى. ئىشىكتىكى ئۈچ دىگەن رەقەم ئورنىغا ئىككى دىگەن رەقەم ئېسىلغان. بىز ھازىر ئىككى كىشىمىز، مېنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن مۆكىلۈك قوشاق قېتىپ ئوقۇغان ياشىراق ھەمرىيىم — كارلىك غايىپ بولدى، پەقەت ئۇنىڭ كويۇمچانلىق ئەسلىمىسىلا قالدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بىز بىلەن بولغان كېيىنكى ئىككى كۈنى ئېسىمدە سەل - پەل‍لا بار. ئۇ ئوز كەچۈرمىشلىرىنى ماڭا سەۋرىلىك بىلەن سوزلەپ بەردى، بىراق ئۇ سوزلەۋاتقاندا، ھوشسىز ياتاتتىم.

ئۇنىڭ ئىسىم - پەملىسى كارىل مالتىس ئىدى، كەسپى ماشىنىست بولۇپ، گۇرلىتىس يېنىدىكى بىر كاندا ئاسما تارتمىغا قارايتتى، شۇ يەردىن يوشۇرۇن ھالدا يەر ئاستى خىزمىتى ئىشلەيدىغانلارغا كېرەكلىك پارتلاتقۇچ دورا ئاپىرىپ بېرىپ تۇرغان. ئۇنىڭ تۈرمىدە ياتقىنىغا ئىككى يىلغا يېقىن بولغان، ئۇ ئەمدى بېرىلىنىغا سوراققا بارسا كېرەك، بۇ ئىش بىلەن ئۇلار بىر توپ ئادەم قامالغان، ئۇلارنىڭ قانداق ھالغا قالىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ كارىلنىڭ ئايالى ۋە ئىككى بالىسى بار، ئۇ بۇلارنى ياخشى كورىدۇ، جېنىدىن ئارتۇق كورىدۇ. ئەمما ئۇ: "ئوزەڭ بىلىسەن، بۇنداق قىلماسلىغىم مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بۇ مېنىڭ گەدىنىمدىكى قەرزىم" دەيتتى.

ئۇ دائىم مېنىڭ قېشىمدا ئولتۇرۇپ، ماڭا زورلاپ تاماق يېگۈزەتتى. بىراق مېنىڭ گېلىمدىن تاماق ئۆتمەيتتى. شەنبە كۈنى — مېنىڭ قامالغىنىمغا سەككىز كۈن بولغاندا، ئۇ قاتتىق چارە قوللانغان: مېنىڭ قاماقتا ئېلىنغاندىن بېرى ھېچ نەرسە يېمىگىنىمنى تۈرمىنىڭ تىببى ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان فىلدىشىرغا مەلۇم قىلغان. ئېسئېسچى كىيىمنى كىيىپ، چىرايى-نى ئاچماي يۈرىدىغان بۇ تۈرمە فىلدىشىرىنىڭ رۇخسىتىسىز چېخ دوختۇرىنىڭ ھەتتا ئاسپىرىن قاتارلىق دورىلارنى بېرىشكىمۇ ھوقۇقى يوق ئىدى. بۇ فىلدىشىر ئەمدى ئۆزى كېسەللەرگە بېرىلىدىغان بىر تاۋاق سۇيۇق ئۇماچنى ئېپكېلىپ، مەن ئىچىپ بولغىچە مېنىڭ قېشىمدا تۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا ئارىلاشقىنىدىن ياخشى نەتىجە چىققىنىغا بەك خوشال بولغان كارلىك ئەتىسى يەكشەنبىلىك ئۇماچنى تاۋاققا ئۆزى قۇيۇپ ماڭا بەردى.

لېكىن تاماقنى بەرىبىر يېيەلمىدىم. تاياق زەربىسىدىن قومۇرۇ-لۇپ كەتكەن چىشلىرىمنىڭ گوشلىرى يەكشەنبىلىك قورداقنىڭ ئېزىلىپ كەتكەن ياڭيولىرىنىمۇ يۇمشىتالمىدى، ئىششىپ كەتكەن كىكىر تەكلىرىمدىن ئەڭ كىچىك بىر نەرسىمۇ ئۆتمەيتتى.

— قورداقنىمۇ يېگۈسى كەلمەيۋاتقىنىنى! — دەپ، كارلىك غەمكىن ھالدا يېنىمدا تۇرۇپ بېشىنى ئىغاڭلىتىدۇ ئاغرىنغاندەك قىلىپ.

ئاندىن، ئۇ ماڭا تېگىشلىك تاماقنى "ئاتا" بىلەن ئىككىسى تەڭمۇ-تەڭ بولۇپ، قىزىق ئىشتەي بىلەن يەۋالدۇ.

1942 ـ يىلى پانكراتستىكى تۇرمىدە بولمىغان ئادەم بۇ ”قورداق“نىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ ھەم بىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس! ھەتتا ئاچلىقتىن مەھبۇسلارنىڭ ئىچى گۆكتىرەپ تۇرغان چاغلاردا، قۇرۇق تىرىسلا قىلىپ، سوڭىكى چىقىپ قالغان ئادەملەر مونچىدا يۇيۇنۇپ يۈرگەن ۋاقىتلاردا، ھەر بىر مەھبۇس يىنىدىكى ھەمرىيىنىڭ نىسۋىسىگە ئاچكوزلۇك بىلەن كوز تىكىپ تۇرغان چاغلاردا، ئادەمىنىڭ ھوسىنى كەلتۈرىدىغان شوخلا شىرنىسى قۇيۇلغان كوكتات شورپىسى ئاجايىپ تاتلىق تېتىيدىغان ۋاقىتلاردا ـــ ئەنە شۇنداق قىيىن چاغلاردا، بەلگىلىمە بويىچە ھەپتىسىگە ئىككى قېتىم ـ پەيشەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرى ـــ تاماق تاراتقۇچىلار بىزنىڭ قاچىمىزغا بىر ـ ئىككى تال ياڭيۇ بار قورداق سۈيىنى قۇيۇپ بېرىپ كېتەتتى، بۇ نەرسە ئادەم ھەيران قالغۇدەك تاتلىق تېتىپ كېتەتتى. گەپ ئۇنىڭ تاتلىق تېتىيدىغانلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئادەمگە كىشىلىك تۇرمۇشنى چىن ـ راستى بىلەن ئەسلىتىدىغانلىقىدا ئىدى. ئادەتتىكى تۇرمۇشتا قارىمۇ ـ قارشى بولغان بۇ دەھشەتلىك مەخپى ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۇرمىسىدىكى شارائىتتا، بۇ ھال مەلۇم نورمال، ئادىمىزات تۇرمۇشىغا لايىق بىر ئىش ھىساپلىناتتى. كىشىلەر بۇ ”قورداق سۈيى“نى تىلغا ئالغانلىرىدا، ئۇلارنىڭ ئۇنلىرىمۇ باشقىچىلا سىلىقلىشىپ كېتىدۇ. ـــ ئىھ! بۇ بىر ساپلىق ”قورداق سۈيى“نىڭ ئولۇم خەۋپى ئالدىدا تۇرغان ئادەم ئۈچۈن قانچىلىك ئەزىز نەرسە ئىكەنلىكىنى كىم چۈشىنەلەيدۇ!

www.uyghurkitap.com

ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، مەن كارلىكىنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى ياخشى چۈشەندىم. ”قورداقنىمۇ يىگۈسى كەلمىگىنىنى“ دىگەن سوز مېنىڭ ئۆلۈمگە يېقىنلاشقىنىمنى تېخىمۇ ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ بەرمەمدۇ؟

شۇ كۈنى كېچىسى سائەت ئىككىدە كېلىپ كارلىكىنى ئويغاتتى. گويا باشقا بىر تۇرمىگە، جازا لاگىرىغا قاماشقا ياكى دارغا ئېسىشقا ئەمەس، بەلكى قاياقىدۇ بىر يېقىن يەرگە بېرىپ كېلىدىغاندەك، ئۇنى بەش مىنۇتتا كىيىنىپ بولۇشقا بۇيرۇدى، — ئۇنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن! ئۇ مېنىڭ سامان چۈشىگىمنىڭ قېشىغا كېلىپ ئىگىشىپ، بېشىمنى قۇچاقلاپ سۈيۈشكە ئۈلگۈردى، — بۇ چاغدا ئايرىلىقتىن، پانكراتس تۈرمىسى مېھرىۋانلىق قىلىدىغان يەر ئەمەس، دىگەندەك قىلىپ قاتتىق ۋاقىرىغان جىسەكچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — كارلىك ئىشىكتىن چىقىش بىلەن، ئىشىك جالاققىدا يېپىلدى-دە، يەنە قۇلۇپ سېلىندى.

كامىرىدا بىز ئىككىمىزلا قالدۇق.

ئەمدى دىدار كورۇشەرمىزمۇ، دوستۇم؟ قالغان ئىككىمىز قاچان بىر بىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىزكىن؟ بۇ كامىرىدىن قايسىمىز ئىلگىرى كېتىپ قالىمىزكىن؟ بىزنى نەگە ئاپىراركىن؟ بىزنى كىم چاقىراركىن — ئېسئېسچى كىيىمىنى كىيگەن جىسەكچى چاقىرارمۇ ياكى ئېسئېسچى كىيىمىنى كىيمىگەن ئۆلۈم ئۆزى چاقىرارمۇ؟

مەن ھازىر بىزنىڭ بىرىنچى ئايرىلىشمىزدا ئۇرغۇپ چىققان دولقۇنلۇق ھېسلىرىمىزنى يېزىپ ئولتۇرىمەن. شۇنىڭدىن بېرى مانا بىر يىل ئۆتتى، ئەمما شۇ دوستىمىزنى ئۇزىتىپ قويغان ۋاقىتتىكى ئاشۇ ھېسلار توختىماستىن بەزىدە ھەتتا ناھايىتى كۈچلۈك رەۋىشتە ئېسىمگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. ئىشكتىكى ئىككى دەپ يېزىلغان رەقەم ئۈچ بىلەن ئالمىشىپ قالاتتى، ئۈچ يەنە ئىككىگە ئورۇن بېرەتتى، ئاندىن كېيىن يەنە ”3“، ”2“، ”3“، ”2“ دېگەن رەقەملەر پەيدا بولاتتى. يەنە يېڭى ھەمرالار كېلەتتى-تىيۇ، يەنە كېتىپ قالاتتى — بۇ 267 - نومۇرلۇق كامېرىدا باشتىن بىللە يېتىپ كېلىۋاتقان ئىككى كىشى تېخى بىر بىرىدىن ئايرىلمىغان ئىدى.

ئۇلارنىڭ بىرسى ”ئاتا“، بىرسى مەن.

”ئاتا“ دەپ ئاتاپ ئولتۇرغىنىمىز — ئاتمىش ياشتىكى يۇزىف پېشەك، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى، ئوقۇتقۇچىلار ھەيئىتىنىڭ رەئىسى، ئۇنى مېنىڭدىن سەكسەن بەش كۈن ئىلگىرى ئەركىن چېخ مەكتىۋىنى ئىسلاھ قىلىش لايىھىسىنى ئىشلەش ئۈستىدە ”گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىگە قارشى سۈيىقەست قىلغان“ دېگەن جىنايەت بىلەن قاماققا ئالغان.

”ئاتا“ بولسا.....

بىراق، ئۇنى قانداقمۇ يەتكۈدەك تەسۋىرلەپ چىقالارسەن. فۇچىك! بۇ ئېغىر ئىش. بىر كامېرىدا ئىككىمىز بىر يىل ياشى-

دۇق! بىرلىكتە ياشىغان بۇ بىر يىل ئىچىدە، ”ئاتا“ دىگەن سوزگە قويۇلىدىغان قوش تىرناقمۇ چۈشۈپ قالدى، مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە بۇ ئىككى تۇرلۇك ياشتىكى ئىككى مەھبۇس چىن ئاتا ـ بالا بولۇپ قالدى؛ بۇ بىر يىل ئىچىدە بىر بىرىمىزنىڭ خۇلقى ـ مىجەزىنى، ياخشى كورىدىغان سوزلىرىمىزنى ۋە ئاۋازىمىزنىڭ ئىگىز ـ پەسلىگىنى ئوزلەشتۇرۇۋالدۇق. قايسىسى مىنىڭ، قايسىسى ئاتىنىڭ؛ قايسىسىنى ئۇ ئىلىپ كەلگەن، قايسىسىنى مەن ئىلىپ كەلگەن، ئەمدى ئايرىپ باققىنا؟

ئۇ كىچە ـ كىچىلەپ ئۇخلىماي مىنىڭ يىنىمدا ئولتۇرۇپ، مىنىڭ يارىلىرىمغا هول لاتا تىڭىپ، ئۇستۇمگە كىلىپ ئەجەلنى مەندىن يىراقلاشتۇرۇپ تۇردى. ئۇ مىنىڭ يارىلىرىمدىن چىقىپ تۇرغان قان ئارىلاش يىرىڭلارنى پۇتۇن غەيرىتى بىلەن سىقىپ ـ ئىرتىپ، تازىلاپ تۇردى، مىنىڭ ياتقان ئورنۇمدىن پۇقۇراپ چىقىپ تۇرغان سىسىق پۇراقلاردىن ھىچقاچان سەسكىنىپمۇ قويمىدى. ئۇ مىنىڭ بىرىنچى سوراقتىلا يىرتىلىپ كەتكەن جۇل ـ جۇل كوينىكىمنى يامايتتى، يۇياتتى، كىيگىدەك هالى قالماي، ئۇچامدىن چۈشۈپ قالغان ۋاقتتا، ئوزىنىڭ كوينىكى بىلەن مىنىڭ قىزىل تىنىمنى ياپتى: ئۇ تىخى ئەتىگەنكى يىرىم سائەتلىك ”شامالداش“ ۋاقتىدا، ئوزىگە خەۋپ يىتىشىدىن قورقماي، تۇرمىنىڭ قوراسىدىن ماڭا ماركارىتا دىگەن گۇلنىڭ ۋە ئوتلارنىڭ غوللىرىنى ئۇزۇپ ئىپكىرىپ بىرەتتى. مىنى سوراققا ئىلىپ ماڭغان ۋاقىتلاردا كويۇمچانلىق كوزلىرى بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئۈزنتىپ، مەن سوراقتىن كەلگەندە مېنىڭ يېڭى يارىلىرىمغا يەنە لاتا تېڭىپ تۇراتتى. ئۇ مەن سوراقتىن يانغىچە يانىماي كۈتۈپ ئولتۇراتتى. مېنى سامان چۆشەككە ياتقۇزۇپ، ئەدىيالغا ئاۋايلاپ ئوراپ قويغاندىن كېيىنلا ياتاتتى.

بىزنىڭ دوستلۇقىمىز مانا شۇنداق باشلاندى، بىز بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمىزدىمۇ مۇشۇ دوستلۇقنى ساقلاپ قالدۇق، ھەتتا مەن ئىككى يۈتۈم بىلەن دەسسەپ ئۆرە تۇرۇپ، بالىلىق مەجبۇرىيىتىمنى ئۆتىگەندەك دەرىجىگە يەتكىنىمدىمۇ بۇ دوستلۇق ئۆزگەرمىدى.

دوستۇم، مەن بۇنىڭ ھەممىسىنى باش كوتەرمەي بىر يولىلا يېزىپ چىقالمايمەن. مانا شۇ يىلى 267 ـ نومۇرلۇق كامېردا تۇرمۇش ئەنە شۇنداق قايناپ تۇراتتى. ھەرقانداق ئىش يۈز بەرمىسۇن، ”ئاتا“نىڭ ئۇنىڭغا توغرا تۇردىغان ئامالى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىشىم كېرەك. مېنىڭ ھېكايەم تېخى ئاياقلاشمىدى (يېزىپ بولۇشۇمغا ئۈمىت باردەك تۇرىدۇ).

267 ـ نومۇرلۇق كامېردا ھايات قايناپ تۇراتتى. ھەر بىر سائەتتە دېگۈدەك ئىشىك ئېچىلىپ، تۇرمە جېسەكچىلىرى كىلىپ تەكشۈرۈپ تۇراتتى. بۇمۇ مەسىلىسى ئېغىر ”كوممۇنىست جىنا- يەتچىلەر“نى قاتتىق نازارەت ئاستىدا تۇتۇش كېرەك دېگەن بەلگىلىمە بويىچە بولۇۋاتقان ئىش بولسا كېرەك، بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ مېنى كورۇشكە قىزىقىدىغانلىقىدىنلا بولسا

كېرەك. تىرىك قېلىشقا تېگىشلىك بولغان ئادەملەرمۇ بۇ يەردە پات ـ پاتلا ئۆلۈپ تۇراتتى. لېكىن ھەممىسلا بۇ چوقۇم ئۆلىدۇ دەپ ساناشقان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە تىرىك قالغانـلارمۇ ئارىلاپ ئۇچراپ قالاتتى. باشقا ئارىلىقلاردىكى جىسەكچىلەرمۇ پات ـ پات كېلىپ پاراڭلىشىپ تۇراتتى، بەزىدە ئاستاغىنا يوتقىنىمىنى ئېچىپ، خۇددى بىلەرمەن كىشىلەردەك، مېنىڭ يارىلىرىمغا قاراپ قويۇپ كېتىشەتتى. ئاندىن كېيىن ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ مۇجەزىگە بېقىپ، بىرنەچچە ئېغىز تېتىقسىز چاخچاق قىلىپ قوياتتى ياكى يالغاندىن ئاغرىنغاندەك بىر خىل تۇرقىنى كورسىتىپ قوياتتى. شۇلارنىڭ بىرسى ــ دەسلەپتە بىز ئۇنىڭغا پوچى دەپ لەقەم قويۇپ قويغان ئىدۇق ــ بىزنىڭ قېشىمىزغا باشقىلاردىن كوپرەك كېلىپ تۇراتتى، ئۇ ھەر قېتىم كەلگىنىدە، بۇ "قىزىل شەيتان"غا بىر نەرسە كېرەك ئەمەسمۇ دەپ، ھېجىيىپ سوراپ قوياتتى. ياق، رەھمەت، ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس. بىرنەچچە كۈن ئوتكەندىن كېيىن، پوچى ئاخىرى بۇ "قىزىل شەيتان"غا بىر نەرسە يەنى ساقال ئېلىش كېرەكلىكىنى بىلىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ساتىراچنى باشلاپ كەپتۇ.

بۇ ساتىراچ مەن باشقا كامىرلاردىكى مەھبۇسلار ئىچىدىن ئەڭ بۇرۇن تونۇشقان ئادەم ــ بوچىك دىگەن يولداش ئىدى. پوچىنىڭ ماڭا كورسەتكەن قىزغىنلىقى خۇددى "چاپىغىنى ئالدـمەن دەپ، قارغۇ قىلىپ قويغاندەك" بىر ئىش بولدى. "ئاتا" مېنىڭ بېشىمدىن يولەپ تۇردى ـ دە، يولداش بوچىك مېنىڭ

چۈشگىمنىڭ بىر چېتىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، قاشاڭ ئۈستۈرىسى بىلەن چاڭگا بولۇپ ئوسۇپ كەتكەن ساقىلىمىدىن تەسلىكتە بىر يول تارتىپ چىقتى. ئۇنىڭ قولى دىرىلدەپ تىترەپ، كوزىدىن مولدۇرلەپ ياش ئاققىلى تۇردى. ئۇنىڭ جان ئۈزگىلى تۇرغان ئادەمنىڭ ساقىلىنى ئىلىۋاتقانلىغىغا كوزى يېتىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ كوڭلىنى ياساپ قويۇشقا تىرىشىپ:

— قورقما، دوستۇم، پىتچىك سارىيىدىكى قىيىن-قىستاقنى كوتەرگەن ئادەممەن، سىنىڭ ئۈستۈراڭغىمۇ چىداپ تۇرالايمەن، — دىدىم.

ئەمما ھالىم يوق، شۇڭا ئىككىمىزگىلا پات-پات توختىۋېلىپ، دەم ئىلىۋېلىشقا توغرا كېلەتتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، مەن يەنە ئىككى مەھبۇس بىلەن تونۇشتۇم. پىتچىك سارىيىدىكى باشلىقلار ھېچ تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. ئۇلار مىنى سوراققا ئىلىپ كېلىشكە ئادەملەر ئەۋەتىدۇ، لېكىن ھەر قېتىم مىنى چاقىرغان قەغەز ئۈستىگە تۈرمە قىلدىشىرىنىڭ ”قىمىرلىيالمايدۇ“ دەپ يىزىپ قويغىنىغا قارىماي، قانداق قىلىپ بولمىسۇن، مىنى ئىلىپ كېلىشكە بۇيرۇق بىرىدۇ. مانا قارا خىزمەتچىلەر① كىيىمنى كېيگەن ئىككى مەھبۇس بىر

① قارا خىزمەتچى — مەخپى ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن مەسىلىسى يېنىكرەك مەھبۇسلارنى مۇشۇنداق قىلىپ قويىدۇ، ئۇلار تۈرمىدىكى گۇناكارلارنىڭ تۈرمۇشىغا دائىر ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنى بېجىرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

جىرغىنى كوتىرىپ كېلىپ، بىزنىڭ ئىشكىنىڭ ئالدىغا قويۇۋاتىدۇ. "ئاتا" كىيىممىنى ئۇستۇمگە ئاران كىيگۈزۈپ قويغاندىن كېيىن، يولداشلار مېنى جىرغىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ بىرسى سكوشىپا، دىگەن يولداش ئىدى، كېيىن ئۇ پۈتۈن ئارىلىق بويىچە خىزمەتنى كوڭۈلدىكىدەك قىلىدىغان "ناغا"① بولۇپ قالغان ئىدى، يانا بىرسى...... ئىدى.② پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىپ بارغاندا، مەن جىرغىدىن بىر يانغا سىرىلىپ كېتىۋاتاتتىم، بۇ چاغدا مېنى كوتىرىپ كېتىۋاتقان-لارنىڭ بىرسى ماڭا ئىگىشىپ:

— قولىڭىز بىلەن چىڭ تۇتۇڭ، — دىدى.

ئارقىدىنلا يەنە بوشراق ئاۋاز بىلەن:

— چىڭ بولۇڭ،③ — دەپ قوشۇپ قويدى.

لېكىن بۇ قېتىم بىزنى قوبۇلخانىدا كوپ ئۇزۇن تۇتمىدى. ئۇلار مېنى تېخىمۇ ئۇزاققا ئېپكەتتى: ئۇزۇن بىر ئارىلىق بىلەن ماڭغىنىچە توپ-توغرا تاشقىرىغا ئېپچىقىپ كەتتى.

---

① "ناغا" — سكوشىپانى فۇچىك ھورمەتلەپ شۇنداق دەپ ئاتىغان. ئۇ قارا خىزمەتچى بولغاندىن كېيىن، تۈرمە كوللىكتىۋىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ چاققان رازۋېتچىسى بولۇپ قالغان.

② ئەسلى قولىيازمىسىدا ئېنىق يېزىلمىغان.

③ قوش مەنىلىك سوز، يەنى ھەم قولىڭىز بىلەن چىڭ تۇتۇڭ، ھەم ئىدىيىڭىزدە كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇڭ دىگەن مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

ئارىلىق كىشىگە تولغان — بۈگۈن يەكشەنبە، مەھبۇسلارنىڭ بالا-چاقىلىرى ئۇلارنىڭ كىر كىيىملىرىنى ئېلىشقا كېلىدىغان كۈن — ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا بىزنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق قاتارىمىزغا قارايدۇ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئېچىنىش ۋە ھەسرەت بەلگىلىرى كۆرۈنەتتى، ئەمما بۇ ماڭا ياقمايدۇ. مەن مۇشتلىرىمنى تۈگۈپ، قوللىرىمنى پۇلاڭلىتىمەن. ئۇلار كۆرۈپ، مېنىڭ ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقانلىقىمنى چۈشىنەر ياكى بۇ بالىلىق ھەركەتلىرىمنى كۆرەلمەس، مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنى شۇ، ئۇنىڭدىن چوڭراقىغا ھالىم يوق.

پانكراتستىكى تۈرمىنىڭ ھويلىسىغا كەلگەندىن كېيىن، جىرغىنى يۈك ماشىنىسىغا سېلىشتى، ئىككى ئېسىپچى شوپۇر بىلەن ئولتۇردى، قالغان ئىككىسى قاپلىرى ئېچىۋېتىلگەن تاپانچىلارنى چىڭ تۇتۇپ، مېنىڭ بېشىم تەرەپتە تۇردى. ماشىنا ماڭدى. يول شۇ قەدەر ئويمان-چوڭقۇر ئىدىكى، مەن ئىككى يۈز مېتىر ماڭمايلا ھوشۇمدىن كەتتىم. مۇنداق ماشىنىلارنىڭ پراگا كوچىسىدا مېڭىشى ھەققەتەن كۈلكىلىك ئىش ئىدى: ئوتتۇز كىشىلىك يوغان، بەش توننا يۈك كۆتۈرىدىغان ماشىنا بىر مەھبۇس ئۈچۈن يېقىلغۇ سەرپ قىلىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھوشسىز تەننى قېچىپ كەتمىسۇن دەپ، تۆت ئېسىپچى تاپانچىلارنى تۇتۇپ، ياۋۇز كۆزلىرىنى ھەر تەرەپكە تىكىپ، جىسەپ كېلىدۇ.

ئەتىسى مۇشۇ قىزىقچىلىق يەنە قايتىلاندى. بۇ قېتىم مەن

پىتچىك سارىيىغىچە چىداپ باردىم. سوراقمۇ كوپكە سوزۇل-مىدى. كوممۇنىزىمغا قارشى بولۇمىنىڭ ئەزاسى فرىدىرىخ ماگا قىلچە رايە قىلماي "تېگىپ" قويغان بولسا كېرەك، مېنى يەنە ھۇشسىز ھالدا قايتۇرۇپ ئېپكېتىشتى.

مېنىڭ تىرىك ئىكەنلىگىمگە شۇبھە كەلتۇرۇپ بولمايدىغان كۇنلەرمۇ كېلىپ قالدى. جانىنىڭ ئاغرىشى تىرىكلىكنىڭ بەلگىسى بولۇپ، شۇنىڭ ئۆزى مېنىڭ تىرىك ئىكەنلىگىمدىن ئۇچۇق خەۋەر بېرىپ تۇراتتى. پۇتۇن تۈرمىدىكى مەھبۇسلار مېنىڭ تىرىك قالغىنىمنى بىلىپ، ماگا تەبرىكلەر ئەۋەتىپ تۇرۇشتى: بۇ تەبرىكلەر ئېھتىيات بىلەن دۇكۇلدىگەن قىلىن تاملار ئارقى-لىق كېلىپ تۇراتتى، مەن ئۇنى تاماق ئېپكېلىپ تاراتقۇچى قارا خىزمەتچىلەرنىڭ قاراشلىرىدىنمۇ ئۇقۇپ تۇراتتىم.

مېنىڭ توغرامدا پەقەت مېنىڭ ئايالىملا ھېچ نەرسە بىلمەيتتى. ئۇ ئەتىگەنكى يېرىم سائەتلىك "شامالداش"تا، بىر ئايال مەھبۇس خوشنىسى ئۇنىڭغا: "سوراقتىكى قاتتىق تاياق زەربىسىدىن كامرىدا ئولدى" دەپ، مەن توغرىلىق ئۇنىڭ قۇلىغىغا پىسىرلاپ ئېيتقىنىغا قەدەر، ئۇ مېنىڭدىن ئۇمىت ئۇز-مەي، ھەسرەتتە، مېنىڭدىن بىرلا قەۋەت توۋەندە يالغۇز كامىردا ئازاپلىنىپ ياتاتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، گۇستىنا ھويلىدا ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا چاپىدۇ، ئۇنىڭ كوز ئالدىدا ھەممە نەرسە لەڭ-لۇڭ قىلىپ كورۇنىدۇ؛ جىسەكچى ئايالىنىڭ مۇشتى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە بىرنى سېلىپ "كوڭلىنى ياساپ"، ئۇنى

تىزىققا قايتىشقا قوغلىغىنىنىمۇ سەزمەي قالدۇ. ئۇ ئۇزىنىڭ مېھ-رىۋان يوغان كوزلىرىگە ياش ئېلىپ، تۇرمىنىڭ بۇ ئاق تاملىرىغا تىكىلىپ قارىغىنىدا نىمىنى كورەتتى؟ ئەتىسى يەنە، مېنى تاياقتا ئۇلمەپتۇ، ئازاپقا چىدىماي، ئوز كامىرىسىدا ئېسىلىپ ئۇلۇۋاپتۇ، دىگەن خەۋەرنى ئاڭلاپتۇ.

مەن بۇ ۋاقىتتا، نېپىز ۋە قاتتىق سامان چۇشىگىمدە قىمىر-لاپ ياتاتتىم. ھەر ئەتىگىنى ۋە ئاخشىمى، گۇستىنانىڭ ئەڭ ياخشى كورىدىغان ناخشىلىرىنى ئېيتىش ئۇچۇن، يېنىچە بولۇپ ئورۇلۇشكە تىرىشاتتىم. مەن بۇ ناخشىلارنى شۇنچىلىك چوڭقۇر ھىسلار بىلەن ئېيتاتتىم، گۇستىنا قانداقمۇ بۇ ناخشىلىرىمنى ئاڭلىمىسۇن!

ھازىر ئەمدى ئۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ يىراقتا ئولتۇر-سىمۇ، مېنىڭدىن خەۋەر تاپتى، مېنىڭ ناخشىلىرىمنى ئاڭلايدۇ. ئەمدى جىسەكچىلەرمۇ 267 ــ كامىرىدا ناخشا ئېيتىلىدىغانلىقىغا كونۇپ قالدى، جىم ئولتۇر دەپ ۋاقىراپ، ئىشىك قاقمايدىغان بولۇپ قالدى.

267 ــ كامىرىدا ناخشا ئېيتىلماقتا. مەن ئومرۇم بويى ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتىمەن. ئولۇم ئالدىدا ھاياتلىقنى قاتتىق ھىس قىلىۋاتقان بىر چاغدا، ناخشىنى قانداقمۇ توختىتىپ قويغىلى بولسۇن. پىشىك ئاتىچۇ؟ ھە، ئۇنىڭمۇ ناخشىنى ياخشى كورىدى-غانلىقىنى ئۇيلىماپتىمەن. ئۇنىڭ ناخشا ئېيتقۇدەك ئۇنىمۇ يوق، ناخشىنى تۇتۇپمۇ ئالالمايتتى، ئومۇمەن مۇزىكىغا قابىلىيىتى

يوق، لېكىن ناخشىنى ھېساپسىز ياخشى كورەتتى ۋە ناخشا ئېيتقاندا شۇنچىلىك خوشال بولۇپ كېتەتتىكى. ھەتتا بىر ناخشىدىن قانداقسىگە ئىككىنچى ناخشىغا ئوتۇپ كەتكەنلىگىنى، "بوش" ئېيتىدىغان جايلارنى چىڭقىلىپ "كوتىرىپ" ئېيتىپ كېتىدىغانلىغىنى سەزمەي قالاتتىم. بىز توختىماي ناخشا ئېيتىمىز، غەمكىن بولۇپ قالغاندىمۇ ئېيتىمىز، چىرايلىق كۈن چىققان خوشاللىق كۈنلەردىمۇ ئېيتىمىز، بەلكىم يېنىپ كورەلمەيدىغان يولداشلىرىمىزنىمۇ ناخشا بىلەن ئۇزىتىمىز، شەرقتىن كەلگەن خۇش خەۋەرلەرنىمۇ ناخشا بىلەن قارشى ئالىمىز. بىز كىشىلەرنىڭ قېدىمدىن ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقىنىغا ئوخشاش، خوشاللىق بىلەن ناخشا ئېيتىمىز، مەڭگۇ ناخشا ئېيتىمىز، ھاياتلا بولىدىكەنمىز، ناخشىمىز توختىمايدۇ.

كۈنسىز ھايات بولمىغاندەك، ناخشىسىزمۇ ھايات بولمايدۇ. شۇ تاپتا بىز ئۈچۈن ناخشا نەچچە ھەسسە كېرەك، چۈنكى كۈن نۇرى بىزگە تەگمەيدۇ. 267 ـ كامېرىنىڭ دەرىزىسى تەسكەيگە قارايدۇ، پەقەت كۈن ئۇزارغان ياز كۈنلىرىلا كامېرىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى تېمىغا تومۇر پەنجىرىنىڭ كولەڭگىسى ئارىلاش بىرئازلا ۋاقىت كۈن چۈشىدۇ ــ بۇ چاغدا ئاتا كارۋاتقا يولىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، كۈننىڭ تەگمەي ئوتۇپ كېتىۋاتقان ئاجىز نۇرلىرىغا قارايدۇ...... ئۇنىڭ قاراشلىرى بۇ يەردىكى ئەڭ قايغۇلۇق قاراشلاردىنمۇ قايغۇلۇق ئىدى.

كۈن! بۇ دۈگىلەك يۈزلۈك سېھىرگەر كەڭ زېمىنغا شۇنچىلىك

سېخىلىك بىلەن نۇر چاچىدۇ، كىشىلەر ئالدىدا شۇنچە كارامەت-لەرنى كۆرسىتىدۇ، لېكىن كۈن نۇرى ئاستىدا ياشاۋاتقان ئادەم-لەر شۇنچە ئاز! ئەلۋەتتە، كۈن ئۆز نۇرىنى چېچىپ تۇرسۇن، ئادەملەرمۇ ئۇنىڭ نۇرىغا چۈمۈلۈپ ياشىسۇن. بۇ ھەقىقەتنى بىلىش قانداق ياخشى ئىش! شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدىن كۆپ مۇھىمىسىز بولغان بىر ئىشنى بىلگۈڭ كېلىدۇ: كۈن بىزگە ئۆز نۇرىنى يەنە چاچارمۇ؟

بىزنىڭ كامىردىمىز تەسكەي تەرەپتە. پەقەت ياز كۈنلىرىلا ئارىلاپ ئوچۇق كۈننىڭ ئولتۇرۇپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرىمىز. ئاھ، ئاتا، كۈننىڭ يەنە چىقىۋاتقىنىنى يەنە بىر قېتىم كۆرەر-مىدى كىشى!

# توتىنچى باپ

## "400 -"

ئولۇمدىن تىرىلىش ــ تازا قىزىق ئىش. ئۇنىڭ قىزىقلىقىنى ئۇقتۇرۇشمۇ قىيىن. يورۇق كۈن چىققان كۈننى ئۇيقۇدىن يېڭىلا ئويغانغان ۋاقتىڭىزدا دۇنيا قانداق گۈزەل! لېكىن سىز ئولۇم قوينىدىن تۇرسىڭىز، بۇ يورۇق كۈن ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ گۈزەلرەك بولۇپ كورۇنىدۇ، ئۇيقۇدىن راسا قېنىپ قوپقاندەك بولۇپ قالىسىز. سىز كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ سەھنىسىنى ياخشى بىلمەن دەپ ئويلايدىغانسىز. ئەمما ئولۇپ تىرىلگەندىن كېيىن، سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە خۇددى رىژىسورنىڭ ئىشارىتى بىلەن نۇرلۇق ئېلېكتىر لامپىلىرى بىردەك يېنىپ، سەھنە ئىچى بىردىنلا نۇرغا چومۇپ، يوپ ـ يورۇق بولغاندەك تۇيۇلىدۇ. سىز كوزىڭىزگە دۇربۇن ۋە مىكروسكوپلارنى قوشلاپ كىيگۈزۇپ قويغاندەك، مېنىڭ كوزۇم ھەممىنى كورىدۇ دەپ ئويلايدىغانسىز. ئولۇپ تىرىلىش پۇتۇنلەي بىر ئەتىياز كورۇنۇشى بولۇپ، ئۇ خۇددى سىز ئەڭ تونۇش بولغان مۇھىتتىمۇ سېزەلمىگەن نەرسىلەرنى ئېچىپ كورسىتىپ بېرىدىغان قىزىقتۇرغۇچى كۈچ.

بۇنداق كورۇنۇشنىڭ بىر دەملىكلا ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇلتۇرغىنىڭىزدىمۇ، پانكراتىس تۇرمىسىدىكىگە ئوخشاش مۇشۇنداق ”خوشاللىق“ ئىچىدە ئولتۇرغىنىڭىزدىمۇ، مۇشۇنداق ”باي رەڭمۇ-رەڭ“ مۇھىت ئىچىدىمۇ ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

مېنى كامىرىدىن سىرتقا ئېلىپ چىقىدىغان كۈنىمۇ بولدى. مەن سوراققا جىرغىغا چۈشمەيلا، ھالىمنىڭ ئېغىر بولۇشىغا قارىماي، ئۆزەم مېڭىپ بارىدىغان كۈنلەرمۇ يەتتى. ئارىلىقنىڭ تاملىرىنى، پەلەمپەينىڭ شالاسۇنلىرىنى تۇتۇپ، تىرىشىپ-تىرمىشىپ، ئۆمىلەپ دىگۈدەك مېڭىپ چىقىمەن. تۆۋەندە قاماقتىكى ھەمرالىرىم مېنى مەھبۇسلارنى توشۇيدىغان يېپىق ماشىنىغا يۆلەپ سېلىپ قويىدۇ. بۇ يەردە مەن ئون-ئون ئىككى ئادەم قاچىلانغان قاراڭغۇ كوچمە قەپەز ئىچىدە ئولتۇرىمەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ماڭا قاراپ ھىجىيىدۇ، مەنمۇ ئۇلارغا قاراپ ھىجىيىمەن؛ كىمدۇر بىرسى قۇلغىمغا شۇۋىرلايدۇ، كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەي، كىمنىڭدۇر بىرسىنىڭ قولىنى قىسىپ قويىمەن...... ئاندىن ماشىنا گۈرۈلدەپ پىتچىك سارىيىنىڭ قايقىسىدىن كىرىدۇ، ھەمرالىرىم مېنى ماشىنىدىن يۆلەپ چۈشۈرىدۇ، بىز بەش قاتار① ئۆزۈن ئورۇندۇق قويۇلغان، تاملىرى ئاپپاق، كەڭ ئۆيگە كىرىمىز، ئورۇندۇقلاردا كىشىلەر

① ئەسلى تېكىستتە شۇنداق. بۇ كىتاپنىڭ بېشىدا ئالتە قاتار دېيىلگەن.

www.uyghurkitap.com

خۇددى قاتۇرۇپ قويغانـدەك، ئىكـكى قولـىنى تىزىـغا قويۇپ، ئالدىدىكى قورۇق تامـغا قاراپ، قىمىر قىلـماي ئولتۇرغان...... مانا فۇچىك، سىنىڭ "كىنوخانا" دەپ ئاتىغان يېـڭى دۇنيارىڭـنىڭ بىر بۇرجىگى شۇ.

## 1943 ـ يىل ماي قىستۇرمىسى

بۇگۈن 1943 ـ يىلـىنىڭ 1 ـ ماي كۈنى. بۇگۈنـمۇ دەل مېنىڭ يېزىشىمغا يول قويىدىغان گېزەكچى گېزەكچىلىك قىپتۇ. ھۇررا! مەن يەنە ۋاقىتىنچە كومپارتىيىنىڭ ژۇرنالىستى بولۇپ، بۇ يېڭى دۇنـيانىڭ كۈرەشـچان كۈچـلىرىـنىڭ 1 ـ ماي كورگەزـمىسى توغرىلىق خەۋەر يازالايمەن!

يەلپۈلدىگەن تۇغلار توغرىـسىدا سوز كۈتـمەڭـلار. ھەرگىز ئۇنداق ئىش يوق. مەن ھەتتا سىلەر ياخشى كورىدىغان تەسىرلىك ھېكايىلەرنىمۇ سوزلەپ بېرەلمەيمەن. بۇگۈن بۇ يەردە ھەممىلا نەرسە بەك ئاددى. ئوتكەن يىللاردىكى پراگا شەھىرىنىڭ كوچىـلىرىدا مىغىلداپ كەتكەن ئادەمـلەرنىڭ ھەيۋەتلىك دولقۇنىدەك دولقۇنمۇ يوق، ئوز كوزۇم بىلەن موسـكۋادىكى قىزىل مەيداندا كورگەن كوز يەتكۈسىز سانسىز ئادەم دېڭىزىمۇ يوق. بۇ يەردە مىليونلىغان كىشىلەرمۇ يوق، يۈزلىگەن كىشىلەرمۇ يوق، بۇ يەردە ئەرلەر ھەم ئاياللار بولۇپ، پەقەت بىرنەچچىلا يولداش بار. شۇنـداقتىمۇ بۇنىڭ ئاز ئەمەسلىگىنى سېزىسەن. ئەلۋەتتە، ئاز ئەمەس،

چۈنكى بۇ بىر خىل كۈچىنىڭ كورسىگى، بۇ كۈچ قىپ ـ قىزىل چوغدەك تاۋلىنىپ، كۈلگە ئەمەس، پولاتقا ئايلىنىۋاتقان كۈچ. بۇ جەڭ مەيدانىدىكى ئۇرۇش خەندەكلىرى ئىچىدە بولۇۋاتقان كورەك. بىراق ئۇرۇش خەندەكلىرىدە كىشلەرنىڭ كىيىدىغىنى دالا ئەسكەرلىرىنىڭ سۇس يېشىل كىيىمى بولىدۇ.

بۇنىڭ ھەممىسى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار ئىكەنىغۇ دەپ قىلىشىڭ مۇمكىن، ئۆز بېشىڭدىن كەچۈرمىگەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر كۈنى مېنىڭ يازغان خەۋەرلىرىمدىن كورۇپ قالساڭ، سوزۇمگە چۈشىنەمسەنكىن ـ تاڭ. چۈشىنىشكە تىرىش. كۈچىنىڭ شۇنىڭدا ئىكەنلىكىگە ئىشەن.

خوشنا كامىرىلاردىن ئەتىگەنلىك ھال سوراشلار كېلىدۇ، ئادەتتە ئىككى تەكتىگى بىلەن بىتخوۋىن مۇزىكىسىنىڭ ئاۋازى كېلەتتى، بۇگۈن تەكتەك كۈندىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ تەنتەنىلىكرەك، كەسكىنرەك ئۇرۇلماقتا، تاملارمۇ ئۇنى تېخىمۇ جاراڭلىق قىلىپ ئاڭلاتماقتا.

بىز ئەڭ ياخشى كىيىملىرىمىزنى كىيدۇق. بارلىق كامىرىلار بۇگۇنكى كۈننى ئەنە شۇنداق باشلىدى.

بىز كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئەتىگەنلىك تاماقنى يىدۇق. كامىرىنىڭ ئوچۇق ئىشىگى ئالدىدا قارا خىزمەتچىلەر قاتىرىسىغا تىزىلىپ، بولكا، قارا كوفى ۋە سۇتلىرىنى كوتىرىپ ئوتۇشمەكتە. يولداش سكوشپا ئىككى پارچە بولكا بېرىشىنىڭ ئورنىغا ئۈچ پارچە بېرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ بىزنى 1 ـ ماي

بىلەن تەبرىكلىگىنى ئىدى — ئېھتىياتچان بىر ئادەمنىڭ ئەمەلدە تەبرىكلىگىنى ئىدى. ئۇ بولكىنى بېرىۋېتىپ، سەزدۇرمەي قولۇمنى بارماقلىرى بىلەن قىسىپ قويدى. سوزلىشىشكە بولمايدۇ، ئۇلار ھەتتا بىزنىڭ كوز ئىشارىلىرىمىزگىچە قاراپ تۇرىدۇ — لېكىن بىزگە ئۇلارنىڭ بارماقلار بىلەن بىلدۇرگەن ئۈنسىز سوزلىرى چۈشىنىشلىك ئەمەسمۇ؟

تۇۋەندە بىز ياتقان كامىرىنىڭ دەرىزىسى ئاستىدا ئايال مەھبۇسلار "شامالداش"قا چىققان ئىدى. مەن شىرەنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، تومۇر پەنجىرىنىڭ ئارىلىقلىرىدىن تۇۋەنگە قارىدىم. بەلكىم ئۇلار مېنى كورەر. ئۇلار راستىنلا مېنى كوردى. مۇشتۇملىرىنى تۈككەن قوللىرىنى كوتىرىپ ماڭا سالام بىلدۈردى، مەنمۇ شۇنداق جاۋاپ بەردىم. ھويلىنىڭ ئىچى بۈگۈن ئالامەت خوشالچىلىق، ھەممە كىشى جانلىنىپ كەتتى، باشقا كۈنلەردىكىگە ئوخشىمايدۇ. جىسەكچى ئايال ھېچ نەرسىنى سەزمەيدۇ، بەلكىم سەزمەسكە سالسا كېرەك. بۇمۇ بۈگۈنكى 1 ـ ماينىڭ كورىگى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئەمدى "شامالداش" نوۋىتى بىزگە كەلدى. ئەتىگەنلىك ھەركەتكە مەن باشچىلىق قىلىمەن. بۈگۈن 1 ـ ماي، يىگىتلەر، بىز بۈگۈنكى ھەركىتىمىزنى باشقىچىرەك ئوتكۈزىمىز، جىسەكچىلەر ھەيران قالسۇن! بىرىنچى ھەركەت: بىر ـ ئىككى، بىر ـ ئىككى، بولقا ئاۋازى. ئىككىنچى ھەركەت: ئوغاقنىڭ ئاۋازى. ئوغاق بىلەن بولقا. ئازغىنا ئويلانسا، بۇنىڭ ئوغاق

بىلەن بولقا ئىكەنلىكىنى يولداشلار چۈشىنىدۇ. مەن ئەتراپقا كۆز سېلىپ قويىمەن. كۆلۈمسىرىگەن يۈزلەر، ئەڭ زور قىزغىنلىق بىلەن قايتا-قايتا ھەركەت قىلىشىدۇ. ئۇلار ھەممىنى چۈشەنمىشتى. يىگىتلەر، بۇ 1-ماي كورىگىمىز، بىزنىڭ بۇ ئۈنسىز ئويۇنىمىز بىزنىڭ 1-مايدىكى: ئۇلۇمگە تەييارمىزكى، لېكىن ساتقىنلىق قىلمايمىز، دىگەن قەسەمىمىزدۇر.

بىز كامىرىلىرىمىزغا قايتتۇق. سائەت توققۇز. ھازىر كىرىمىل مۇنارىسىدىكى سائەت ئونىنى ئۇردى،① قىزىل مەيداندا كورەك باشلىنىدۇ. ئاتا،② بىز سىز بىلەن بىللە ئىلگىرىلەيمىز. ئۇ يەردە ھازىر «ئىنتېرناتسونال»نى ئېيتىشىۋاتىدۇ، ئۇ يەر يۈزىگە ئاڭلىنىۋاتىدۇ، بىزنىڭ كامىرىغىمۇ ئاڭلانسۇن. بىز ئېيتىشقا باشلىدۇق. ئىنقىلاۋىي ناخشىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چىقىۋاتىدۇ، بىز يالغۇز قېلىشنى خالىمايمىز، ئەلۋەتتە، بىزمۇ يالغۇز ئەمەسمىز، بىز ھازىر ئەركىنلىكتە جاراڭلىق ناخشا ئېيتىۋاتقانلار بىلەن بىللىمىز، بىزگە ئوخشاش جەڭ قىلىۋاتقانلار بىلەن بىللىمىز......

تۈرمىلەردىكى يولداشلار،
سوغ زىنداندا ياتقانلار،

---

① پراگا ۋاقتى موسكۋا ۋاقتىدىن بىر سائەت كېيىن يۈرىدۇ.
② يولداش ستالىننى كۆرسىتىدۇ.

سىپىمىزدە بولىمىغان بىلەن،
بىز بىلەن بىللە سىلەر.

ئەلۋەتتە، بىز سىلەر بىلەن بىللىمىز.

بىز 267 ـ كامېردا، بىز 1943 ـ يىلدىكى 1 ـ ماي كورىگىنى مانا مۇشۇنداق ناخشا بىلەن تەنتەنىلىك ئۆتكۈزمەكچى بولدۇق. مۇشۇنىڭ بىلەنلا ئاياقلىشامدۇ؟ نىمىشقا ئايال مەھبۇسلارنىڭ كامېرىسىدىكى قارا خىزمەتچى چۈشتىن كېيىن ھويلىدا «قىزىل ئارمىيە مارشى»نى، «پارتىزانلار ناخشىسى»نى ۋە باشقا سوۋېت ناخشىلىرىنى ئىسقىرتىپ ئېيتىپ يۈرىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئەرلەر كامېرىسىدىكى يولداشلارغا ئىلھام بېرىۋاتقانلىقى ئەمەسمۇ؟ نىمىشقا چېخ ساقچىسىنىڭ كىيىمنى كىيگەن ئەركەك ماڭا قەغەز بىلەن قېرىنداش ئېپكېپ بېرىپ ئارىلىقتا كۆزىتىپ يۈرىدۇ، بۇ ئۇنىڭ مېنى تۇيۇقسىز قولغا چۈشۈپ قالمىسۇن دەپ قىلىپ يۈرگىنى ئەمەسمۇ؟ ئەنە يەنە بىرسى مۇۋاپىق پەيتى كەلگەندە يۈرۈققا چىقىرىش ئۈچۈن، مېنى ھە دەپ بۇ خەۋەرنى يېزىشقا ئىلھاملاندۇرۇۋاتامدۇ ۋە يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى تۈرمىدىن ئېلىپ چىقىپ، ئاۋايلاپ، يوشۇرۇپ قويۇشقا تىرىشىۋاتامدۇ؟ ئۇلار مۇشۇ بىر ۋاراق قەغەز ئۈچۈن باشلىرىدىن ئايرىلىدۇ. ئۇلار تومۇر پەنجىرىلىك بۈگۈن بىلەن ئەركىن ئەتىنىڭ ئارىلىقى ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن ئۈچۈن، مۇشۇنداق جانغا كېلىدىغان خەۋپتىن قورقماسلىققا بەل باغلىغان، ئۇلار جەڭ قىلىۋاتىدۇ،

www.uyghurkitap.com

ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىدا، تۈرلۈك ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئۆز قول-
دىن كېلىدىغان تۈرلۈك ۋاستىلەرنى جانلىق ۋە ئەپچىللىك بىلەن
قوللىنىپ، قەتئىي ۋە باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان كىشىلەر-
دۇر. ئۇلار ئاددىي بىر ئەسكەر، ئۈن-تىنسىز ئىشلەيدۇ، ئۇلار-
نىڭ يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ، جانلىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ
تۇرۇپ كۈرەش قىلىۋاتقانلىقلىرىنى، بۇ جەڭدە ئۇلارنىڭ بىزنىڭ
دوستىمىز ئىكەنلىكىنى: بۇ كۈرەشتە، ئۇلارنىڭ يا يېڭىپ
چىقىدىغانلىقىنى، يا قۇربان بولىدىغانلىقىنى ھېچكىممۇ ئېسىگە
كەلتۈرمەيدۇ.

سەن بەلكىم ئىنقىلاپ قوشۇنىنىڭ 1-ماي كورىگىدىن قاتار-
قاتار بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى ئۇن قېتىم، يىگىرمە قېتىم كۆرگەنسەن.
بۇ ئەلۋەتتە ھەيۋەتلىك بولىدۇ. بىراق، بۇ قوشۇنىنىڭ چىن
كۈچىنى پەقەت جەڭدىلا باھالىغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ يېڭىلمەس
ئىكەنلىكىنى پەقەت جەڭدىلا بىلگىلى بولىدۇ. ئۆلۈم سەن
ئويلىغانغا قارىغاندا كۆپ ئوڭاي بولىدۇ، قەھرىمانلىقتىمۇ يالتىراپ
تۇرىدىغان پارلاق نۇر بولمايدۇ. كۈرەش بولسا سەن ئويلىغان-
دىكىدىن كۆپ دەھشەتلىك بولىدۇ، كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇش
ۋە كۈرەشتە يېڭىپ چىقىش ئۈچۈن، ھېساپسىز كۆپ كۈچ كېرەك.
بىز بۇ كۈچنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرىمىز، لېكىن ئۇنى ھەمى-
شەلا چۈشىنىپ يېتەلمەيمىز، چۈنكى ھەممىسىلا ئادەتتىكى ۋە
تەبىي نەرسىلەردەك كۆرۈنىدۇ.

بۈگۈن بىز بۇ كۈچنى، 1943-يىلىنىڭ 1-ماي كورىگىدە

يېڭىۋاشتىن سەزدۇق.

1 ـ ماي مۇناسىۋىتى بىلەن ھېكايەمنى ۋاقتىنچە توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇمۇ ياخشى بولدى. چۈنكى بۇ شانلىق بايرام كۈنىدە، ئۆتكەن كۈنلەر ئۈستىدىكى ئەسلىمىنىش سەل ئۆزگىرىش ياسايدۇ، بۇگۈنكى خوشاللىق ھەممىسىنى بېسىپ چۈشتى، شۇڭا ئۇ ئەسلىمىشكە يېڭى رەڭلىك تۈسلەرنى بېرىشى مۇمكىن.

لېكىن پېتچىك سارىيىدىكى "كىنوخانا"نى ئەسلەش ھېچقان-داق خوشاللىق ئىش ئەمەس. بۇ سوراقخانىنىڭ تاشقىرقى ئۆيى، بۇ يەرگە سوراقخانىدىن مەھبۇسلارنىڭ دەھشەتلىك ئازاپلارغا چىدىماي ۋاقىرىغان ئاۋازلىرى ۋە ئېچىنىشلىق چىقىراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ يەردە سىنىڭ ئۆزەڭنىمۇ نىمە كۈتۈپ تۇرغانلىغىنى بىلمەيسەن. سەن بۇ سارايغا ساغلام، كۈچلۈك ۋە تېتىك كىشىلەرنى قانداق ئېلىپ كېتىپ بارغانلىغىنى ۋە ئىككى-ئۈچ سائەتلىك سوراقتىن كېيىن ئۇلارنىڭ كېرەكتىن چىقىپ، چالا ئۆلۈك بولۇپ قايتقانلىغىنى كورىسەن. چاقىرغىنىڭدا جاراڭ-لىق ئاۋاز بىلەن جاۋاپ قايتۇرغان كىشىدىن بىر سائەتتىن كېيىن ئۆزىنىڭ سوراقتىن قايتقانلىغىنى ئېيتىشقا ھالى كەلمەي-دىغان، ئازاپ ۋە تەنىنىڭ ئاغرىغىدىن سۇنغان بوغۇق ئاۋاز ئاڭ-لىنىدۇ. لېكىن گايىدا بۇنىڭدىنمۇ يامان ئەھۋاللار بولىدۇ: بۇ يەردە سەن شۇنداق ئادەملەرنىمۇ كورىسەنكى، ئۇلار بۇ يەردىن

www.uyghurkitap.com

چىقىپ كېتىشتە توغرا ۋە ئوچۇق يۈزى بىلەن چىقىپ كېتىپ، قايتىپ كىرىشتە كوزۇڭگە تىكىلىپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ. قەيەردىدۇ، ئۈستۈنكى قەۋەتتە تەكشۈرۈش باشقارمىسىنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە، بىرەرسى بىرلا مىنۇت ئاجىزلىق قىلىپ ۋە تەۋرىنىپ، ئۆز بېشى ئۈچۈن سەللا قورقىدىغان بولسا، ئىش تامام، نەتىجىدە بۈگۈن ياكى ئەتە يېڭى جىنايەتچىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى سەپداشلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ بېرىلگەن بۇ يېڭى كىشىلەر بۇ يەردىكى بارلىق ئازاپلارنى باشتىن-ئاياق ئۆز باشلىرىدىن كەچۈرۈشلىرى كېرەك.

قاتتىق تاياق يېگەنلەرگە قارىغاندا خائىنلىق قىلغانلارنىڭ رەڭگى-روپى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولىدۇ. ئەگەر سەندە يېنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۆلۈم ئەلچىسى يۈيۈپ ئىچىپ قويغان كوز بولسا، ئەگەر سەندە ئۆلۈپ تىرىلگەندىن كېيىن ئويغانغان تۇيغۇ بولسا، كىمنىڭ ئىككى يۈزلىمىلىك قىلغانلىقىنى، كىمنىڭ ساتقىنلىق قىلغانلىقىنى، كىمنىڭ ئۆز تەقدىرىنى يېنىكلەشتۈرۈش ئۈچۈن، كوزگە ئىلىنماي يۈرگەن سەپداشلاردىن بىرەرسىنى تۇتۇپ بەرسەم نېمە بوپتۇ دېگەن خىيالنىڭ لىپ ئېتىپ بېشىغا كېلىپ ئۆتكەنلىكىنى سوزسىزلا چۈشىنىسەن. ئاھ، بىچارە قورقۇنچاقلار! دوستلىرىڭنىڭ ھاياتىنى سېتىپ ساقلاپ قالغان ھاياتىڭ قانداقمۇ ھايات بولار!

مەن "كىنوخانا"غا بىرىنچى قېتىم كەلگىنىمدە، بۇنداق ئويلار مەندە يوق ئىدى. لېكىن بۇ ئوي كېيىنكى ۋاقىتلاردا

مىنىڭ كاللامغا پات ـ پاتلا كېلىدىغان بولدى. مەندە بۇ ئوي دەل شۇ ئەتىگەنلىكى، ”كىنوخانا“دا ئەمەس، بەلكى باشقا بىر مۇھىتتا يەنى كىشىلەر بىر بىرى بىلەن ئەڭ كوپ تونۇشىدىغان جايدا: ”400 ـ “دە كەلدى.

مەن ”كىنوخانا“دا ئۇزاق ئولتۇرغىنىم يوق. بىر سائەت ياكى بىر يېرىم سائەت ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئارقىمدىن بىرسى مىنىڭ ئىتىمىنى چاقىردى. چېخ تىلىدا سوزلەيدىغان، ئاددى كىيىم كىيگەن ئىككى كىشى مىنى شوتىغا ئولتۇرغۇزدى ـ دە، توتىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىقىپ، كەڭ بىر بولمىگە ئېلىپ كىردى. بۇ بولمىنىڭ ئىشىگىگە توۋەنكى رەقەم يېزىلغان:

## ـ400

مەن ئۇلارنىڭ كوز تىكىپ تۇرۇشى ئاستىدا، بولمىنىڭ ئاياق تېمىغا يانداپ قويۇلغان يالغۇز بىر ئورۇندۇقتا ئوزەم يالغۇز ئولتۇرۇپ، ھەيران قالغۇدەك بىر ھىس بىلەن ئەتراپىمغا كوز تاشلىدىم: بۇ بولمىدە ماڭا نىملەردۇ تونۇشتەك قىلاتتى. بۇ يەردە بولدۇممىكىنا؟ ياق. بولمىغان. شۇنداقتىمۇ مەن بۇ بولمىنى بىلمەن. مەن چۇشۇمدە ئالىلقاندىق بىر قارا بېسىشلار ئارىلاش كورسەم كېرەك. بۇ چاغدا بۇ بولمە باشقىچىلا تۇراتتى، كوزۇمگە قورقۇنچلۇق، سورۇن كورۇنگەن ئىدى. ئەمما تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. ھازىر بۇ قانداقتۇ كوڭۇللۇك،

كۆن تۇرىغا چومگەن، رەڭلىك بوياقلارغا تولغان، تومۇر شالاسۇن-لۇق كەڭ دەرىزىدىن تىن چېركاۋسى①، يېشىل رىتىنا تېغى ۋە گراتچان قورغىنى② كورۇنۇپ تۇراتتى. چۇشۇمدە بۇ بولسا دەرىزىسىز، قاراڭغۇ بولۇپ، ساغۇچ-خىرە نۇر غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى، كىشىلەر خۇددى كولەڭگىدەك ئۇ ياق-بۇ ياققا مېڭىشاتتى. ھەئە، ئۇ چاغدا بۇ يەردە بىرنەچچە ئادەم بار ئىدى. ھازىر بوش قاپتۇ، ئۇستىدە مامكاپ ۋە يەر مەدىكىگە ئوخشاش بىرنىمىلەر ئولتۇرغان ئالتە قاتار ئۇزۇن ئورۇندۇق تۇرۇپتۇ. چۇشۇمدە، چىرايلىرى تاتىرىپ، قانغا بويال-غان كىشىلەر ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردا قاتار ئولتۇرۇشقان ئىدى. ئەنە، ئاۋۇ يەردە، ئىشىك ئالدىدا كونىراپ كەتكەن كوك ئىش كىيىمنى كىيگەن، كوزلىرىدىن چىداپ بولماس ئاغرىق بەلگىلىرى كورۇنۇپ تۇرغان ئەركىشى ئۇسسۇلۇق سورىدى-دە، بىر يۇتۇم سۇ ئىچكەندىن كېيىن، ئاستا يېپىلىۋاتقان سەھنە پەردىسىدەك ئاستا-ئاستا يەرگە يىقىلدى......

ھەئە، بۇنىڭ ھەممىسى بولغان، بۇ مېنىڭ چۇشۇم ئەمەسلە-گىنى ئەمدى بىلدىم. ئىشىنىڭ ئوزى ئەنە شۇنداق دەھشەتلىك ۋە

---

① تىن چېركاۋسى — پراگادىكى 14-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا گوتا شەكلىدە سېلىنغان ھەيۋەتلىك بىر بىنا.

② گراتچان قورغىنى — پراگانىڭ ئوتتۇرىسىغا، سەل دوڭرەك بىر جايغا سېلىنغان قورغان. ھازىر چېخوسلوۋاكىيە پرېزىدېنت مەھكىمىسىنىڭ ئورنى مۇشۇ يەردە.

قورقۇنچلۇق ئىدى.

بۇ ئىش مەن قاملىپ، بىرىنچى سوراققا ئېلىنغان كېچىسى بولغان ئىدى. مېنى بۇ يەرگە ئۈچ قېتىم، بەلكىم ئۇنلارچە قېتىم ئېپكەلگەندۇ. مېنى ئازاپلىغۇچىلار ھېرىپ دەم ئالماقچى بولغاندا ياكى باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغاندىلا، مېنى بۇ يەردىن ئېلىپ چىقىشاتتى. مۇزدەك خىش تىزىلغان ئوي تېگىنى دەسسىگىنىمدە، تاياق زەربىدىن يارىلانغان يالاڭئىداق پۇتلىرىمغا سالقىن تېگىپ ئارام بەرگىنى ھېچ ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

ئۇ ۋاقىتتا بۇ ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغانلار يونكىرىس زاۋۇدىنىڭ بىر توپ ئىشچىلىرى بولۇپ، بۇلار مەخپىي ساقچىلارنىڭ كەچكى ئوۋلاشلىرىدىن قولغا چۈشكەن كىشلەر ئىدى. بايىقى ئىشىك يېنىدا تۇرغان، كونىراپ كەتكەن كوك ئىش كىيىمنى كىيگەن كىشى يولداش بارتون بولۇپ، ئۇ زاۋۇت ياچېيكىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىدى، ئۇ مېنىڭ قاملىشىمغا ۋاستىلىك سەۋەپچى بولۇپ قالغان ئىدى. مەن بۇنى، مېنىڭ ئاشكارا بولۇپ، قاملىپ قېلىشىمغا باشقا بىرسىنى ئەيىپلىمسۇن دەپ ئېيتىۋاتىمەن. مېنىڭ قاملىشىمغا بىرەر يولداشىنىڭ خائىنلىقى ياكى قورقۇنچاقلىقى ئەمەس، پەقەت ئېھتىياتسىزلىق سەۋەپ بولدى. يولداش بارتون ئوز ياچېيكىسى ئۈچۈن رەھبەرلىك مۇناسىۋىتىنى ئىزلەپ يۈرگەن. ئۇنىڭ دوستى يولداش يېلىنىك يوشۇرۇن ئىشلەش بەلگىلىمىلىرىگە سەل ئىرەڭسىزلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا كىم بىلەن ئالاقە قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن. ئەسلىدە

www.uyghurkitap.com

يولداش يېلىننىك ئاۋال مېنىڭ بىلەن كېلىشىۋېلىشى كېرەك ئىدى، ئۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ قاتنىشىشسىزلا بۇ ئىشنى ئورۇنلىغىلى بولاتتى. بۇ خاتا بولغان. بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر، ھالاقەتلىك بولغان يەنە بىر خاتالىق دۆۋۈرژاك دەيدىغان بىر جاسۇسنىڭ يولداش بارتوننىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالغانلىغى بولغان. يولداش بارتون يېلىننىكنىڭ ئېتىنىمۇ ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگەن، — شۇنداق قىلىپ، مەخپىي ساقچىلار يېلىننىكنىڭ ئۆي-ئىچىنى كۆزىتىشكە چۈشىدۇ. بۇ يولداشلار ئىككى يىلدىن بۇيان غەلىبىلىك ئورۇنلاپ كېلىۋاتقان ئاساسىي ۋەزىپىلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىر ئەرزىمەس ئىش ئۈچۈنلا، يوشۇرۇن ئىشلەش بەلگىلىمىلىرىگە پۈتۈنلەي پەرۋاسىز قارىغانلىغى ئۈچۈنلا كوزگە چۈشۈپ قالىدۇ. پىتچىك سارىيىدىكىلەرنىڭ يېلىننىكلارنى ئەر-خوتۇن قاماققا ئېلىشنى قارار قىلىشى، دەل شۇ ئاخشىمى بىزنىڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشىمىز، مەخپىي ساقچىلارنىڭ بېسىپ كىرىشى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي تۇيۇقسىز بولغان ئىش ئىدى. بۇ ئىش ئەسلىدە مەخپىي ساقچى ئىدارىسىنىڭ پىلانىدا يوق ئىش ئىدى، پىلان بويىچە يېلىننىكلارنى ئەتىسى قاماققا ئېلىشى كېرەك ئىدى. شۇ كۈنى كەچتە يۇنكىرىس زاۋۇدىدىكى ياچېيكىنى قولغا چۈشۈرۈش ئىشى ئوڭۇشلۇق بولۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلار قىزىقىپ كېتىپ، يېلىننىكلارنىڭ ئۆيىگىمۇ بېسىپ كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە تۇيۇقسىز بېسىپ كىرىشى بىز ئۈچۈن قانچىلىك كۈتۈلمىگەن ھادىسە بولغان

بولسا، مېنىڭ يېلىنكىلارنىڭكىدە بولۇپ قېلىشىمۇ، ئۇلار ئۈچۈنمۇ شۇنچىلىك كۈتۈلمىگەن ئىش بولىدى. ھەتتا ئۇلار كىمنى قولغا چۈشۈرگەنلىگىنىمۇ بىلمەيتتى. ئەگەر مېنىڭ بىلەن بىللە.....بولمىغاندا ئىدى، مېنى ئەسلا بىلەلمىگەنمۇ بولار ئىدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەن "400 -" بولمىگە قايتا كىرگەن-دىن كېيىن ئاندىن چۈشەندىم. بۇ قېتىم كەلگىنىمدە مەن ئۆزەم يالغۇز ئەمەس ئىدىم، بۇ قېتىم ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشقان ۋە تامغا يۆلىنىپ ئورە تۇرۇشقان كىشىلەر بار ئىدى. سوراق ئۈستىدە، ھەر دەمدە دىگۈدەك خىلمۇ-خىل كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەر بولۇپ تۇراتتى: بىرى، مەن چۈشەنمەي-دىغان يوچۇن ھادىسىلەر ئىدى، يەنە بىرى، مەن ناھايىتى ياخشى چۈشىنىدىغان يامان ھادىسىلەر ئىدى.

شۇنداقتىمۇ، كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەرنىڭ بىرىنچىسى يۇقۇر-دىكى ئىككى خىل ھادىسىنىڭ ھېچقايسىسىغا ياتمايدۇ، ئۇ ئېغىزغا ئالغۇچىلىگى يوق كوڭۈللۈك بىر كىچىك ئىش.

ئىككىنچى كۈتۈلمىگەن ھادىسە: بولمىگە بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرى مىڭىپ، قاتىرسىغا توت كىشى كىردى، ئۇلار پۇقراچە كېيىنگەن جىسەكچىلەر بىلەن..... ۋە مېنىڭ بىلەنمۇ چېخ تىلىدە سالاملىشىپ، ئاندىن شىرەنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئولتۇردى ۋە قەغەزلىرىنى شىرەگە يېيىشتۇرۇپ، تاماكا تارتىشتى، ئۇلار خۇددى مۇشۇ يەرنىڭ ئەمەلدارلىرىدەك، ئۆزلىرىنى تولىمۇ ئەركىن تۇتۇشاتتى. مەن ئۇلارنى ئېنىق بىلەتتىم، ھېچ بولمىغاندا

ئۇچىنى بىلەتتىم. ئۇلار مەخپى ساقچى ئۇچۇن ئىشلەپ بېرەر-مۇ؟ مۇمكىن ئەمەس! پاكى شۇنداق قىلىپ يۈرگەنمىدۇ يا؟ ھەي، بۇ بورغۇ! ئۇ پارتىيە ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئۇزاقتىن كېلىۋاتقان سېكرېتارى، مىجەزى سەل قوپال بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى سادىق كىشى ــ ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس! ماۋۇ بولسا ئاننا ۋېكوۋا، چاچلىرى ئاقارغان بولسىمۇ، ئاۋالقىدەكلا قاۋۇل، كېلىشكەن تۇرقى بىلەن تۇراتتى، ئۇ ئېگىلمەس ـ پۈكۈلمەس بىر جەڭچى ئىدى ــ ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس! ئاۋۇ تۇرغان ۋاشېك، شىمالىي چېخىيەدىكى بىر كاندا تاشچى بولۇپ ئىشلە-گەن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا شۇ رايوندا رايكوم سېكرېتارى بولغان، مەن ئۇنى نىمىشقا بىلمەيمەن؟ شىمالدا بىز ئىككىمىز كۆپ جەڭلەردە① بىللە بولدۇق! مەخپى ساقچى ئۇنىمۇ بوي ئەگدۈر-گەنمىدۇ؟ ياق، مۇمكىن ئەمەس! ئۇلار نىمە ئۇچۇن بۇ يەرگە كېلىپ قالدى؟ ئۇلار بۇ يەردە نىمە قىلىپ يۈرىدۇ؟

مەن بۇ سوئاللارغا جاۋاپ ئىزلەپ تۇرغىنىمدا، يەنە يېڭى سوئاللار تۇغۇلدى. ئۇلار مېنىڭكى، يېقىنلىرىمنى ئەر ـ خوتۇن، فىرىدلارنى ئەر ـ خوتۇن ئېلىپ كېلىشتى. بۇلارنى مەن بىلە-مەن، ئۇلارنى مېنىڭ بىلەن قولغا ئالغىنى يامان بولدى. لېكىن سەنئەت تارىخچىسى كروپاچېك قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كىرىپ

---

① 1932 ـ يىلى شىمالىي چېخىيەدە بولغان ئومۇمىي ئىش تاشلاشنى كۆرسىتىدۇ، فۇچىك ئۇنىڭغا ئاكتىپ قاتناشقان.

قالـدى؟ بۇ ئادەم مىرىكـكە ياردەملىشىـپ، زىيالىـلار ئارىسىدا ئىشلەپ يۈرەتتى. ئۇنى مەن بىلەن مىرىكتىن باشقا كىم بىلەتـ تى؟ نـىمە ئۈچۈن ئاۋۇ تاياق زەپتىـدىن باش ـ كوزى ئىشىپ كەتكەن ئىگىز بويلۇق ياش كىشى ماڭا قاراپ بىز بىر بىرىمىزنى تونۇمايمىز دەپ ئىشارەت قىلىپ ئولتۇرىـدۇ؟ بۇ زادى كىمدۇ؟ شتېخدۇمۇ؟ دوختۇر شتېخمۇ؟ زىدىنىكمۇ؟ ياپىر، دىمەك، بىر تالاي دوختۇرلارمۇ قولـغا چـۈشۈپـتۇ ـ دە؟ بۇ دوخـتۇرلارنى مېـنىڭ بىلەن مىرىكتىن باشقا كىم بىلەتتى؟ نـىمە ئۈچۈن سوراقـلاردا مېنىڭدىن چېخ زىيالىلىرى توغرىـسىدا سورايـدۇ؟ ئۇلار مېنىڭ زىيالىلارنىڭ ئىشى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىمنى نەدىن بىلىپ يۈرىدۇ؟ بۇنى مېنىڭ بىلەن مىرىكتىن باشقا كىم بىلەتتى؟

بۇ سوئالنىڭ جاۋابى قاتتىق، دەھشەتـلىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى تېپىش تەس ئەمەس: مىرىك خائىنـلىق قىلدى، ھەممە ـ سىنى مىرىك ئېيتىپ بەرگەن. باشـتا مەن ھەمـمىسىنى مىرىك تۇتۇپ بەرمىگەندۇ، دىگەن ئوي بىلەن تۇراتتىم، لېكىن كېيىن يەنە بىر توپ مەھبۇسنى يۇقۇرىغا ئېلىپ چىققاندا، مەن ئۇلار ـ نىڭ ئىچىـدىن:

ۋلادىسلاۋ ۋانچۇرىـنى،① پىروفېسسور فىلـبىر بىلەن ئۇنىڭ

---

① ۋ. ۋانچۇرا ــ (1891 ــ 1942)، گېرمانىيە فاشىستلىرى تەرىپىدىن ئولتۇرۇلـگەن ئىلـغار چېخ يازغۇچىسى، كوممۇنىست، فاشىزىمغا قارشى جەڭچى.

ئۇغلىنى، ئۆرۈپ تونۇغۇسىز قىلىۋەتكەن بىدرىخ ۋاتسلاۋىكنى①، بورنا بۇرپانوۋانى، ئىندرىخ ئېربورنى، ھەيكەلتاراش دىۋىساكنى ۋە باشقا نۇرغۇن كىشىلەرنى تونۇدۇم. ئىش قىلىپ، چېخ زىيالىيلىرىنىڭ مىللىي ئىنقىلاۋىي كومىتېتىغا كىرگەن ۋە كىرىشنى تەلەپ قىلغانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە بولۇپ چىقتى. دېمەك، زىيالىيلار توغرىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مىرىك ئېيتقان.

پېنچېك سارىيىدا مېنىڭ دەسلەپكى ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىم تەسكە چۈشتى. لېكىن بۇ ئىش بۇ يەردە مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قاتتىق زەربە بولدى. مەن خائىنلىقنى ئەمەس، ئۆلۈمنى كۈتكەن ئىدىم. مەن مىرىكنى ھەرقانچە ئاياپ ئەيىپلىمەكچى بولسامۇ، ئۇنى كەچۈرۈش يوللىرىنى قانچە ئىزلەپ كورسەممۇ، ئۇنىڭغا خائىن دەپ نام بېرىشتىن باشقا سۆز تاپالمىدىم. بىر دەملىك تەۋرىنىشمۇ، قورقۇنچاقلىقمۇ، ياكى ئۆلۈم ھالىغا يەتكىچە ئازاپلىنىپ، قۇتۇلۇش يولىدا ئۆزىنى تەلۋىلەردەك ھەر قاياققا ئۇرۇشمۇ ئادەمنىڭ رەھىمسىنى كەلتۈرەلمەيدۇ.

مەخپىي ساقچىلارنىڭ بىرىنچى كېچىسىلا مېنىڭ ئىسىم-پەملىمنى بىلىۋالغىنىنىمۇ ئەمدى چۈشەندىم. ئەنە، ئانچىكا

---

① بىدرىخ ۋاتسلاۋىك (1897 — 1943)، گېرمانىيە فاشىستلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن مەشھۇر چېخ تەنقىتچىسى. كوممۇنىست، فاشىزىمغا قارشى جەڭچى.

ئىراسكۋانىڭ قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغىنىنىمۇ ئەمدى چۈشەندىم، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆيىدە بىز مىرىك بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۇچراشقان ئىدۇق. كروپاچىك بىلەن دوختۇر شتېخنىڭ نىمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىمۇ ئەندى ئېنىق بولدى.

شۇ كۈندىن باشلاپ، ھەر كۈنى دىگۈدەك مېنى "400 ـ "گە ئاپىرىدىغان بولدى، ھەر بارغىنىمدا يېڭى ـ يېڭى ئەھۋاللارنى ـــ بەزىسى ئېچىنىشلىق، جانغا تەككۈدەك ئەھۋاللارنى بىلىپ قايتاتتىم. ھەي، مىرىك! ئىسپانىيىدە ئوققا بويىنىنى ئەگمىگەن، فرانسىيىدە جازا لاگىرىنىڭ دەھشەتلىك سىناشلىرىدا ئېگىلمىگەن ئىدى، مانا ئەمدى، مەخپى ساقچىلارنىڭ قولىدىكى قامچىنى كورۈش بىلەنلا، رەڭگى ئۈچۈپ ـ تاتىرىپ، ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن باشقىلارنى ساتقان. ئەگەر ئۇنىڭ جاسارىتى بىرنەچچە قامچا بىلەن كوككە ئۇچقان بولسا، بۇ نىمە دىگەن يۈزە جاسارەت! ئۇنىڭ ئىشەنچىسىمۇ كۈچسىز ئىشەنچ. ئۇ ئۆز مەسلەكداشلىرىنىڭ توپى ئىچىدىلا كۈچلۈك ئىدى. ئۇ شۇلارنىڭ غېمىنى يىگەنلىكى ئۈچۈنلا، كۈچلۈك بولالىغان ئىدى. ئەمدى ئۇ ئۇلاردىن ئايرىلىپ، دۈشمەنىنىڭ ئارىسىدا قالغاندا، قىيىن ـ قىستاق ئاستىدا، بارلىق كۈچىنى يوقاتتى. ئۇ ئۆز بېشىنىڭ غېمىنى يىگەنلىكى ئۈچۈنلا، بارلىقىنى يوقاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، دوستلىرىنى قۇربان قىلدى. قورقۇنچاقلىقتىن بوي ئەگدى، قورقۇنچاقلىقتىن خائىنلىق قىلدى.

ئۇنىڭدىن مەخپى ھوججەتلەرنى تاپتى، بۇ چاغدا ئۇ: مەخپى

بەلگىلەرنىڭ سىرىنى ئېچىپ بەرگىچە ئۇلگۇنۇم ياخشى، دەپ قاتتىق بەل باغلىيالمىدى. ئۇ سىرنى ئېچىپ بەردى. كىشىلەرنىڭ ئىسىم ـ پەمىلىسىنى ئېيتىپ بەردى، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئۇچرىشىـ دىغان ئورۇنلىرىنىمۇ ئېيتىپ بەردى. ئۇ مەخپىي ساقچى ئىدارىسىنىڭ چېقىمچىلىرىنى شتېبخىنىڭ ئويىگە باشلاپ كەلدى. ئۇلارنى ۋاتسلاۋنىڭ بىلەن كروپاچېكنىڭ ئۇچرىشىشىغا تېگىشلىك بولغان دۇۋۇرژاكنىڭ ئويىگە ئەۋەتتى. ئانىچكانى تۇتۇپ بەردى. ھەتتا ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان جاسارەتلىك، باتۇر لىدا قىزنىمۇ تۇتۇپ بەردى. ئۇنىڭ بىلگەنلىرىنىڭ يېرىمىنى ئېيتقۇزۇش ئۈچۈن، بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇشىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى، ئاندىن كېيىن، مېنى ئۆلىدى، ئۆزىنى پاش قىلىدىغان ھېچكىم يوق دەپ ھېسابلىدى ـ دە، قالغانلىرىنىمۇ ئېيتىپ بەردى.

ئۇنىڭ بۇ قىلمىشى ماڭا ئانچە يامانلىق كەلتۈرەلمەيتتى، مەن ھازىر مەخپىي ساقچىنىڭ قولىدا، بۇنىڭدىنمۇ يامان بولۇشى مۇمكىنمىدى؟ ئەكسىچە، ئۇنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرى تەكشۈرۈشنە ئاساس قىلىنىدىغان باشلانغۇچ يىپ ئۇچى بولۇپ، ئۇنى تۈگۈنىنىڭ بىر ئۇچى دېيىشكە بولىدۇ، لېكىن تۈگۈنىنىڭ ئىككىنچى ئۇچى، ئۇلارغا ئەڭ كېرەكلىك ئۇچى مېنىڭ قولۇمدا ئىدى. پەقەت ماتا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مېنى ۋە بىزنىڭ تويىمىزنىڭ كوپ قىسمىنى ھەربىر ھالەتنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرى ئۆلتۈرمىدى. بۇ ئىشتا مىرىك ئەگەر ئۆز ۋەزىپىسىگە سادىق بولسا، بىرتالاي ئادەم چېتىلمىغان بولاتتى. بىز ئىككىمىزنى ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ، لېكىن باشقىلار تىرىك

قالغان بولاتتى؛ بىز تۇگەشسەكمۇ، لېكىن باشقىلار ئىشنى داۋاملاشتۇرىۋەرگەن بولاتتى.

قورقۇنچاق ئۆز جېنىدىنمۇ قىممەتلىك نەرسىدىن ئايرىلىدۇ. مىرىكمۇ خۇددى شۇنداق بولدى. ئۇ شەرەپلىك سەپتىن قېچىپ، ھەتتا دۈشمەنلەرنىڭمۇ نەپرىتىگە دۇچار بولدى. ئۇ تىرىك قالدى، لېكىن ئۆلۈكتەك ئىدى، چۈنكى كوللېكتىپ ئۇنى چورۇۋەتتى. كېيىنرەك ئۇ ئۆز سەۋەنلىكىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا تىرىشىپ باققان بولدى، بىراق كوللېكتىپ ئۇنى زادى ئۆز ئىچىگە ئالمىدى. تۇرمىدە يېتىم قېلىش باشقا ھەرقانداق يەردىكىگە قارىغاندا قورقۇنچلۇق بولىدۇ.

مەھبۇس بىلەن يالغۇزلۇق دېگەن بۇ ئىككى ئۇقۇم ئادەتتە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدۇ. لېكىن بۇ ناھايىتى قاتتىق ئاداشقانلىق. مەھبۇس يالغۇز ئادەم ئەمەس. تۇرمە بۈيۈك كوللېكتىپتۇر. ئەگەر ئادەم ئۆزىنى ئۆزى چەتكە تارتمىسا، ھەرقانداق قاتتىق ئايرىش چارىسىمۇ ھېچكىمنى كوللېكتىپتىن ئايرىۋېتەلمەيدۇ. تۇرمىدە، زۇلۇم چېكىۋاتقانلارنىڭ قېرىنداشلارچە دوستلۇغى قۇدرەتلىك بىر كۈچكە ئايلىنىدۇ، ئۇ كىشىلەرنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ يۇغۇرىدۇ، چىنىقتۇرىدۇ، ئۇلارنى سەزگۈزلەشتۇرىدۇ. ئۇ تىرىك، سوزلەيدىغان ۋە خەۋەر يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئىگىز تاملاردىن ئوتۇپ، پۈتكۈل بىنادىكى كامېرىلارنى بىر بىرىگە چېتىۋېتىدۇ. بۇ كامېرىلار ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق قىيىنچىلىقلىرى، ئورتاق

www.uyghurkitap.com

”قاراۋۇللىرى“، ئورتاق قارا خىزمەتچىلىرى ۋە ساپ هاۋادا ”شامالداش“قا چىقىرىلىدىغان يىرىم سائەتلىك ئورتاق ۋاقتى بىلەن بىرىكىپ كېتىدۇ؛ ”شامالداش“ ۋاقىتلىرىدا قىلىشقان بىرەر ئېغىز سوز ياكى بىرەر ئىشارەت ئارقىلىق يىگى خەۋەرلەرنى ئاڭلىغىلى ۋە بىرەر جاننى قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولىدۇ. مەھبۇسلارنىڭ بىرلىكتە سوراققا بېرىشى، ”كىنوخانا“دا بىر يەردە ئولتۇرۇپ قىلىشى ياكى بىرلىكتە قايتىپ كېلىشى بۇنداق قېرىنداشلارچە دوستلۇقنى پۇتكۇل تۇرمە بويىچە چېكىتىدۇ. بۇ دوستلۇقنىڭ سوز بىلەن ئىپادىلىنىشى ناهايىتى ئاز بولىدۇ، بەلكى ئۇ غايەت زور هەركەتلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، ئاددى قول سىقىشىشلار ياكى ئوغرىلىقچە تاماكا تۇتۇشۇشلار سىنى قاماپ قويغان قەپەزنى سۇندۇرۇپ بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، هالاكەتلىك يالغۇزلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ. تۇرمىنىڭ قوللىرى بار: سەن سوراقتىن ئازاپلىنىپ قايتقىنىڭدا، ئۇ قوللارنىڭ سىنى قانداق قوللاۋاتقانلىقىنى هىس قىلىسەن؛ دۇشمەن سىنى ئاجىلىقتا ئولتۇرمەكچى بولغاندا، سەن شۇ قوللاردىن تاماق ئالىسەن. تۇرمىنىڭ كوزلىرى بار: سەن دار ئالدىغا ماڭغىنىڭدا، ئۇلار ساڭا قاراپ تۇرىدۇ، سەن كوكرەك كېرىپ، غاچ-غاچ دەسسەپ مېڭىش كېرەكلىگىنى سىزىسەن، چۈنكى قېرىنداشلىرىڭ ئارقاڭدىن قاراپ تۇرغاندا، ئاياقلىرىڭنى قىڭغىر بېسىپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى بوشاشتۇرۇپ قويساڭ بولمايدۇ. بۇ، قانغا بويالسىمۇ يېڭىلمەيدىغان قېرىنداشلارچە دوستلۇقتۇر.

ئەگەر بۇنداق دوستلۇقنىڭ ياردىمى بولمىغاندا، بېشىمغا چۈشكەن ئېغىر لىقنىڭ ئوندىن بىرىنىمۇ كوتىرەلمەس ئىدىم. ئۆزەمنىمۇ ۋە سەندىن باشقىلارنىمۇ كوتىرەلمەس ئىدى.

مېنىڭ بۇ ھىكايەمدە ــ ئەگەر داۋاملىق يازالىسام (چۈنكى ئالدىمدىكى كۈنلەر، ھەتتا سائەتمۇ ماڭا قاراڭغۇلۇق)، "400 ـ" دىگەن سوز ھىكايەمنىڭ ماۋزۇيى سۈپىتىدە پات ـ پاتلا ئۇچراپ تۇرىدۇ. دەسلەپتە بۇ بولمەمەن ئۈچۈن ئادەتتىكى بولمىلەردىن بولۇپ كورۇنىدى؛ بۇ يەردە ئوتكۈزگەن بىرىنچى سائەتلىرىم ۋە بىرىنچى قېتىم ئويلىغان ئويلىرىم ماڭا ياخشىلىقتىن ھىچقانداق دېرەك بەرمەيتتى، قارىغۇدەك بولسام، بۇ ئوي ئەمەس ئىكەن، بەلكى كوڭۈللۈك، جەڭگىۋار كوللىكتىپ ئىكەن.

"400 ـ" 1940 ـ يىلى، دەل كوممۇنىزىمغا قارشى بولۇم ئوز ھەركىتىنى كۈچەيتكەن چاغلاردا بارلىققا كەلگەن. ئۇ سوراق كۈتۈپ ئولتۇرىدىغان ئوي ــ "كىنوخانا"نىڭ شوبىسى ئىدى، يەنى جىنايەتكارلار سوراق كۈتۈپ ئولتۇرىدىغان ئوي ئىدى، ئۇ پەقەت كوممۇنىستلار ئۈچۈنلا قۇرۇلغان، مەھبۇسلارنى ھەر بىر مەسلە ئۈچۈن بىرىنچى قەۋەتتىن تۆتىنچى قەۋەتكە سورەپ ئاۋارە بولماسلىق ئۈچۈن قۇرۇلغان. جىنايەتكارلار چارلىغۇچىنىڭ يېنىدا بولۇشى كېرەك ئىدى، چۈنكى بۇ ئىشنى ئوڭايلاشتۇراتتى. ئۇلارنىڭ "400 ـ" بولمىنى قۇرۇشتىكى مەقسىدى ئەنە شۇ ئىدى.

ئىككى مەھبۇسنى ــ بولۇپمۇ ئىككى كوممۇنىستنى بىر يەرگە

قىلىپ قويىچۇ، بەش مىنۇتقا قالماي شۇنداق بىر كوللېكتىپ ھاسىل بولىدۇكى، مەخپىي ساقچىلارنى پۈتۈن پىلانلىرىدىن ئاداش تۇرىدۇ. 1940 ـ يىلىدىن باشلاپ، "400 ـ "نى "كوممۇنىستلار مەركىزى" دەپ ئاتايدىغان بولدى. بۇ بولمە كوپىنى كوردى: مىڭلىغان ئەر ـ ئايال يولداشلار بۇ يەردىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردا نوۋەت بىلەن ئولتۇرۇپ ئوتتى، لېكىن ھېچ ئوزگەرمەي كەلگەن بىرلا نەرسە شۇكى، ئۇ كوللېكتىپنىڭ بىرلىك روھى، كۇرەشكە بولغان سادىقلىق ۋە غەلىبە ئىشەنچىسى ئىدى.

"400 ـ "ــ بۇ پۈتۈن ئەتراپىنى دۈشمەنلەر قورشىۋالغان ۋە تەرەپ ـ تەرەپتىن يىغىلىپ ئېتىلىۋاتقان ئوق ئاستىدا قالغان، ئەمما تەسلىم بولۇش دېگەن ئوي بېشىغا كىرىپمۇ چىقمىغان خەندەك ئىدى. بۇ خەندەكنىڭ ئۈستىدە قىزىل تۇغ لەپىلدەپ تۇراتتى. بۇ يەردىن ئوز ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرىشىۋاتقان بارلىق خەلقلەرنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىقى كورۇنۇپ تۇراتتى.

توۋەندە، "كىنوخانا"دا ئوتۇك كىيىشكەن ئىشىكچىلار ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا مېڭىپ يۈرەتتى ۋە مەھبۇسلار كىرىپ كەلگەنلىرىنى قىمىرلىتىپ قويىسىمۇ ۋاقىرىشىپ كېتەتتى. "400 ـ "دە بىزنى چېخ ساقچىلىرى ۋە ساقچى باشقارمىسىنىڭ پايلاقچىلىرى نازارەت قىلاتتى، ئۇلار مەخپىي ساقچى ئىدارىسىگە تىلماچ سۈپىتىدە خىزمەت قىلاتتى، بەزىلىرى ئوز ئىختىيارى بىلەن ئىشلىگەن، بەزىلىرى ئەكسىيەتچىل ھوكۇمەت تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن، بەزىلىرى مەخپىي ساقچى ئىدارىسىگە قولچوماق بولۇپ ئىشلىسە،

بەزىلىرى ئۆزىنىڭ چېخلىق ۋەزىپىسىنى ئورۇنلايتتى، قايسىبىر-لىرى ئارىسالدا بولۇپ قالغانلار ئىدى. ”400 - “دە بىزنى ئىككى قولىمىزنى تىزىـمىزغا قويۇپ، ئالدىـمىزغا ئۇدۇل قاراپ، قىمىر قىلماي، قاققان قوزۇقـتەك ئولتۇرۇشـقا مەجبۇر قىلمايتـتى. بۇ يەردە بىرقەدەر ئەركىـن - ئازادە ئولـتۇرۇپ، ئۇ ياق - بۇ ياققا قاراش ھەم قول بىلەن ئىشارەت قىلىشـمۇ مۇمـكىن ئىـدى — بەزىدە ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئەركىنرەك ئولتۇرۇشقا بولاتتى، لېكىن ئەھۋالغا قاراپ بولاتتى، يەنى جىسەكچىلىك قىلىدىغان بۇ ئۈچ خىل ئادەمنىڭ قايسىسىنىڭ گېزەكچى بولۇپ قېلىـشىغا باغـلىق ئىدى.

”400 - “ بولمە — ”ئادەم“ دەپ ئاتالغان ھايۋاننى ھەممىدىن چوڭـقۇر بىلىۋالغىـلى بولىدىـغان جاي. بۇ يەردە، ئولۇمـنىڭ يېقىنلىغى ھەر بىر ئادەمنى — سول قولىغا قىزىل لاتا باغـلانغان كوممۇنىست مەھبۇسلارنىڭمۇ ياكى كوممۇنىستلارغا ھەمكارلاشقان دەپ گۇمان قىلىنغان كىشلەرنىڭمۇ، شۇنىڭـدەك جىسەكچـىلىك قىلىپ تۇرغانلارنىڭمۇ ۋە يېقىنلا بىر بولمىدە سوراققا قاتنىشۋات-قانلارنىڭمۇ كىم ئىكەنلىگـىنى راسا ئوچۇق كورستىپ قوياتـتى. سوراقتا، سوز ساڭا قالقان ياكى قورال بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ”400 - “دە سوز ئارقىسىغا موكۇۋېلىش مۇمـكىن ئەمەس ئىدى. بۇ يەردە سىېنىڭ سوزۇڭ مۇھىم بولماي، بەلكى سىېـنىڭ ئىچكى دۇنيارىڭـدىكى ھەمـمە نەرسە مۇھىم بولـدۇ. سىېـنىڭ ئىچـكى دۇنـيارىڭـدا پـەقەت ئەڭ ماھـيەتـلىك نەرسىلا قېـپقالـغان.

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى دەرىجىلىك نەرسىلەر، كىشىنىڭ خۇلقى ـ مىجەزىدىكى ئەڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتنى ياپىدىغان، سۇسلاشتۇرىدىغان ۋە بىزەيدىغان ھەممە ساختىلىقلار يوقاپ، ئۇلۇم ئالدىدىكى قۇيۇندا ئۇچۇپ كېتىدۇ. پەقەت ئەڭ ئاددى ئىگە بىلەن خەۋەرلا قالىدۇ: سادىق كىشى تەۋرەنمەس بولىدۇ، خائىن خائىنلىقىنى قىلىدۇ، چاكىنا ئادەم ئۇمىتسىزلىككە چۈشىدۇ، باتۇر ئاداقىچە كۆرەش ئېلىپ بارىدۇ. ھەر بىر ئادەمدە قۇدرەت ۋە زەئىپلىك، جاسارەت ۋە قورقۇنچاقلىق، تۇراقلىق ۋە تۇراقسىزلىق، پاكلىق ۋە ئېپلاسلىق بولىدۇ. بۇ پەردە ئىككىنىڭ بىرىلا قالىدۇ، يە ئۇنىسى، يە بۇنىسى قالىدۇ. ئەگەر كىمدە ـ كىم بۇ ئىككىسىنى تەڭ تۇتىمەن دەيدىكەن، ئۇ خۇددى بوكىگە سىرىق پەي تاقاپ، قولىغا مىس جاڭ كوتىرىپ، ئۇلۇم ئۈزىتىپ ماڭغان جامائەتنىڭ ئىچىدە ئۇسۇل ئويناپ يۈرگەنلەردىنمۇ كۈلكىلىكرەك بىر نەرسىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

بۇنداقلار مەھبۇسلار ئارىسىدىمۇ، چىبخ ساقچىلىرى بىلەن پايلاقچىلار ئارىسىدىمۇ بار. سوراق ئۈستىدە ئۇلار ناتسىستلارنىڭ تەگرىسىگە خوشامەت قىلىدۇ، ”400 ـ “دە بولسا بولشېۋىك ”قىزىل شەيتان“لارغىمۇ كۈچۈكلىنىدۇ. نېمىس ساقچىسىنىڭ ئالدىدا، ئالاقچىلارنىڭ ئېتىنى ئېيتقۇزۇشقا قىستاپ، چىشلىرىنى چېقىۋېتىدۇ، ”400 ـ “گە چىققاندا بولسا دوستلۇق كورۇنۇشىنى كورسىتىپ، ساڭا بىر پارچە نان ئۈزىتىدۇ. ئاختۇرۇش ۋاقتىدا، ئويۇڭدە بىر تال يىپنى قويماي بۇلاپ كېتىدۇ ـ

دە، ”400 ـ “گە كەلگەندە بولسا، رەھمىسى كەلگەن بولۇپ، سىنىڭ ئويۇڭدىن بۆلەپ كەلگەن تاماكىنى ئوزەڭگە تۇتىدۇ. يەنە شۇنداق كىشلەرمۇ باركى ــ بۆلارنى يۇقۇرىدا ئېيتقانلارنىڭ باشقىچە تۈرى دىسمۇ بولىدۇ، ئۇلار ھىچكىمگە زىيان سالمايدۇ، ئەمما ھىچ كىمگىمۇ ياردەم بەرمەيدۇ. ئۇلار ئوز بېشىنىلا قوروۇپ يۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ناھايىتى سەزگۇر، بۇ ھال ئۇلارنى ئوپ ـ ئوچۇقلا سىياسى باروميتىرغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. ئۇلار مەھ ـ بۇسلار بىلەن قوپال ۋە رەسمىي مۇئامىلە قىلسا، نېمىسلار ستالىنگرادقا ھۇجۇم قىلىشۋېتىپتۇ دەپ بىلىڭ. ئەگەر ئۇلار مەھبۇسلار بىلەن خۇش خۇي سوزلىشىپ يۇرسە، ئەھۋال تامامەن ئوزگىرىپتۇ، نېمىسلار ستالىنگراد بوسۇغىسىدا تارمار كەلتۇرۇ ـ لۇپتۇ، دەپ بىلىڭ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دەرھال، بىز ئېنىق يەرلىك چېخلارمىز، بىزنى زورلاپ مەخپى ساقچىدا ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىشتى، دىگەن گەپلەر باشلىنىدۇ. ناھايىتى ياخشى: قىزىل ئارمىيە رۇستوۋنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن ھۇجۇم قىلىپ كەلمەكتە. ــ بۆلارنىڭ ئىچىدە يەنە شۇنداق ئادەملەر باركى، سەن سۇغا چوكۇپ كېتىپ بارساڭ، ئىككى قولىنى يانچۇغىغا سېلىپ، چاتىغى يوق قاراپ ئولتۇرىدۇ، ئەمدى سەن ئوزەڭ بىر ئىلاجى قىلىپ سۇدىن قىرغاققا چىقساڭ، ساڭا قولىنى ئۇزىتىپ كېلىدۇ.

بۇنداق ئادەملەر ”400 ـ “دىكى كوللىكتىپنىڭ كۇچىنى سېزىپ، ئۇنى چۇشەنگەنسېرى ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىششقا تىرىشاتتى.

لىكىن ئۇلار ھىچ ۋاقىتتا بۇ كوللىكتىپقا مەنسۇپ بولالمايتتى.
يەنە بىر خىل ئادەملەر بار ئىدىكى، ئۇلارنىڭ بۇ كوللىكتىپنىڭ
بارلىغى توغرىسىدا ھىچ قانداق خەۋىرى يوق ئىدى. بۇلارنى
قاتىل دەپ ئاتىساقمۇ بولار ئىدى، لىكىن قاتىل دىسەكمۇ،
ئۇلار بەربىر ئادەمغۇ. بۇلار قولىغا چوقماق ۋە تومۇر تاياق-
لارنى تۇتقان ھەم چىخ تىلىدا سۆزلەيدىغان ۋەھشىلەر ئىدى.
بۇلار مەھبۇس چىخلارنى شۇ قەدەر ئازاپلاپ قىينايتتىكى،
بۇنىڭغا ھەتتا نىمىس ساقچىلىرىنىڭ كۆپچىلىگى ھەيران قالاتتى.
بۇ جاللاتلارنىڭ ھىچ بولمىغاندا، چىخ خەلقىنىڭ ياكى گىرمانىيە
ئىمپىرىيىسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قىلىۋاتىمىز دىگۈدەك ئىككى
يۈزلۈك بانىسىمۇ يوق ئىدى. پەقەت كىشىلەرنى ئازاپلاش،
قىيناش ۋە ئۆلتۈرۈشتىن ئۇلارنىڭ جانلىرى راھەت تاپاتتى.
ھەددىدىن ئاشقان ۋەھشىلىكتىن باشقا ھىچ نەرسىنى بىلمەيدىغان
بۇ قانخورلار مىسلى كۆرۈلمىگەن دەھشەت بىلەن كىشىلەرنىڭ
چىشلىرىنى سۇندۇراتتى، قۇلاقلىرىغا بىگىز تىقاتتى، ئۇلارنىڭ
كۆزلىرىنى چاناقلىرىدىن چىقىرىۋىتەتتى، جىنسىي ئەزالىرىنى
كىسىپ تاشلايتتى، باش سۆيەكلىرىنى چىقىپ، ئۆلگىچە ئۇرۇپ
قىينايتتى. بىز بۇ جاللاتلارنى ھەر كۈنى كۆرەتتۇق، ئۇلار بىلەن
سۆزلىشىشكە، ئۇلارنىڭ ئازاپلىرىنى تارتىشقا مەجبۇر ئىدۇق،
بۇلار بولغان يەرنىڭ ھەممىسى قان زەرداپقا ۋە ئاھ-زارغا
تولاتتى. ئۇلارنىڭ نەق مەيداندا بولۇشى بىزنىڭ ئىشەنچىمىزنى
ئاشۇراتتى: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جىنايەتلىرىگە گۇۋا بولىدىغانلار-

www.uyghurkitap.com

نىڭ بارىنى ئۇلتۇرۇۋەتكەن تەقدىردىمۇ، لېكىن ھەققانىيەتنىڭ سورىغىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى.

ئەنە شۇلارنىڭ قاتارىدا، بىر شىرەنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرىددىغان، قارىغاندا شۇلارغا ئوخشاشراق خىزمەتنى ئىشلەيدىغان باشقا كىشىلەرمۇ بار، بۇلارنى چوڭ ھەرپ بىلەن يېزىلغان "ئادەم" دىگەن سوز بىلەن ھورمەتلەپ ئاتاش ئەلۋەتتە ناھايىتى توغرا بولىدۇ. ئۇلار جىنايەتكارلارنى قامايدىغان ئورۇننى جىنايەتكارلارنىڭ ئوز ئورنىغا ئايلاندۇرغان، "400 ـ "كوللىكتىپنى بارلىققا كەلتۇرۇشكە ياردەم بەرگەن، ئوزلىرىمۇ جان ـ دىلى بىلەن شۇ كوللىكتىپقا قوشۇلۇپ، ئۇنىڭغا باتۇرلۇق بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار كوممۇنىست ئەمەس ئىدى، بۇ ھال ئۇلارنىڭ روھىنىڭ ئۇلۇغلۇغىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار چېخوسلوۋاك ساقچىسىدا ئىشلىگەنلىرىدە تېخى كوممۇنىستلارغا قارشى ئىشلارنى قىلغان، لېكىن كېيىن كوممۇنىستلارنىڭ نېمىس باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۇرەش قىلىۋاتقانلىغىنى كورۇپ، كوممۇنىستلارنىڭ كۇچىنى تۇنۇپ يەتتى، كوممۇنىستلارنىڭ پۇتكۇل مىللەتكە بولغان ئەھمىيىتىنى چۇشەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ئورۇناق ئىش ئۇچۇن سادىقلىق بىلەن ئىشلەشكە باشلىدى ۋە شۇ ئورۇناق ئىشقا تۇرمىدە يېتىپمۇ ساداقەتلىك بىلەن ئىشلەۋاتقانلارنىڭ ھەر بىرسىگە ياردەم بېرىشكە باشلىدى. تۇرمىنىڭ سىرتىدا ئىشلەۋاتقان بىرمۇنچە جەڭچىلەر، ئەگەر مەخپى ساقچىنىڭ قولىغا چۇشۇپ قالغاندا، قانداق دەھشەتلىك

ئەھۋالدا قالـدىغانلىقلىرىنى ئويلاپ، سەل ئىڭشىپ قېلىشلىرى
مۇمكىن ئىدى. لېكىن بۇ دەھشەتلىك ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى
تۇرمىدىكى جەڭچىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىن ھەر كۈن ـ ھەر سائەت
دىگۇدەك ئۆتۈپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ھەر كۈن ـ ھەر سائەت
مەھبۇسلار قاتارىغا كىرىپ كېتىپ، باشقىلاردىن قاتتىق ئازاپلارنى
چېكىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇلار قىلچە تەۋرەن-
مەستىن، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ، مىڭ ـ مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ
ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى، قۇتقۇزۇپ قېلىشقا مۇمكىن بولمىغان
پاجىئەلىك تەقدىرىنى يېنىكلەشتۈردى. باتۇرلۇق نامى شۇلارغا
مەنسۇپ. ئەگەر ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىغاندا، “400 ـ”
بولـمە ھەرگىز ھازىرقىدەك، مىڭلىغان كوممۇنىستلار كۆرگەن-
دىكىدەك: قاراڭغۇ ئوي ئىچىدىكى بىر پارچە يورۇق نۇر، دۈش-
مەن ئارقا سېپىدىكى تايانچ بازا، باسقۇنچىلارنىڭ ئۆۋىسى
ئىچىدە ئەركىنلىك ئۈچۈن بىۋاستە كۆرەش ئېلىپ بارىدىغان
جەڭ مەيدانى بولۇپ قالالماس ئىدى.

# بەشىنچى باپ

## ھەيكەل ۋە قونچاق (1)

شۇ كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئامان قالغانلارغا بىر ئۆتۈنۈشۈم بار: ئۇنتۇماڭلار، ياخشىلارنىمۇ، يامانلارنىمۇ ئۇنتۇ-ماڭلار. ئۆزى ئۈچۈن ۋە سىزلەر ئۈچۈن قۇربان بولغانلار توغرىسىدا هارماي-تالماي ھوججەت توپلاڭلار. بۈگۈنكى كۈن بەرىبىر ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالىدۇ، كىشىلەر ئۇلۇغ زامانلار ۋە تارىخنى ياراتقان نامسىز قەھرىمانلار توغرىسىدا سۆز قىلىشىدىغان كۈنلەرمۇ كېلىدۇ. ئېسىڭلاردا بولسۇن: نامسىز قەھرىمان بولغان ئەمەس. ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز نامى، ئۆز قىياپىتى، ئۆز ئارزۇسى ۋە ئۈمىدى بولغان، شۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغانلىرىنىڭمۇ تارتقان ئازاۋى مەڭگۈ ئۆچمەس نام ئالغان ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ تارتقان ئازاۋىدىن كەم بولغان ئەمەس. مانا بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆزەڭلارنىڭ يېقىن دوستى، قېرىندىشى، تۇققىنى بولۇپ قالسۇن!

پۈتكۈل بىر دەۋرنىڭ قەھرىمانلىرى ئېچىنىشلىق يوللار بىلەن ھالاك بولدى. ئۇلارنى سۆيۈڭلار، ھېچ بولمىغاندا شۇلارنىڭ

بىرىگە ئۆز ئوغلىڭىزدەك، ئۆز قىزىڭىزدەك مۇھەببەت باغلاڭ، ئۇلارنى كەلگۈسى ئۈچۈن ياشىغان ئۇلۇغ ئادەم دەپ بىلىپ، پەخىرلىنىڭ. كەلگۈسىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن قازا تاپقان ھەر بىر كىشى تاشتىن ياسالغان ھەيكەلگە ئوخشاش تۇر، ئىنقىلاپ كەلكۈننى جەسەت دۆۋىلىرى بىلەن توسماقچى بولغان چىرىك ئادەملەر، مۇرىسىگە ئالتۇن پاگون تاقىۋالغىنى بىلەنمۇ، پور كوتەكتىن ياسالغان قونچاقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمما بۇ تىرىك قونچاقلارنىڭ نەقەدەر رەزىل، بىچارە ئىكەنلىگىنى، نەقەدەر زالىم ۋە كۈلكىلىك ئىكەنلىگىنى كورۇپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ، چۈنكى بۇلارنىڭ ھەممىسى كەلگۈسىدىكى مۇلاھىزىلەر ئۈچۈن كېرەكلىك ماتىرىيال بولىدۇ.

تووەندە ئېيتماقچى بولغانلىرىممۇ تېخى خام ماتىرىيال، گۇۋاچىلارنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ پەقەت پارچە-پۇرات ماتىرىياللاردىنلا ئىبارەت، چۈنكى مەن ئۇنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمىنىلا كورەلىشىم مۇمكىن. كەڭ دائىرىدە كورەلىشىم مۇمكىن ئەمەس. لېكىن بۇ پارچىلاردا چىن ئەھۋالنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى بار: ئۇلۇغ ۋە چاكىنا، ھەيكەل ۋە قونچاق.

## ئەر-خوتۇن يېلىنىكىلار

ئىورزىق ۋە مارىيە. ئىورزىق ترامۋاي ئىشچىسى، مارىيە

ئوي خىزمەتكارى. ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بىر قاراشقا ئەرزىيتتى. ئاددى، سىلىق ئوي جاھازلىرى، كىتاپ قويغۇچ، ئۇششاق ھەيكەللەر، تاملىرىدا سۈرەتلەر، ئۆيىنىڭ تازىلىغىچۇ، خۇددى ئەينەكتەك. مارىيىنى پۈتۈن ئوي ـ پىكىرىنى مۇشۇ ئۆيىگىلا بېرىدىغاندەك، تالادىكى ئەھۋالدىن ھېچ خەۋىرى يوقتەك چۈشىنىپ قالىسىز. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس! ئۇ ئاللىقاچاندىن بېرى كوممۇنىست بولۇپ، ئادالەتنىڭ ئورنىتىلىشىنى پۈتۈن قىزغىنلىغى بىلەن ئارزۇ قىلاتتى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىلا سادا- قەتلىك بىلەن، بىلدۈرمەي، ئۈن ـ تىنسىز ئىش يۈرگۈزەتتى. ئىستىلا مەزگىلىدىكى ئەڭ ئېغىر ۋاقىتلاردىمۇ ھەرقانداق ئېغىر ۋەزىپە ئالدىدا زادىلا باش تارتىپ باقمىغان.

ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەخپىي ساقچىلار ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىردى. ئىككىسى تەڭ تۇرۇپ قول كوتەردى.

## 1943 ـ يىل 19 ـ ماي

بۈگۈن كېچە مېنىڭ گۇستىنامىنى پولشىغا "ئىشقا" ئېلىپ كېتىشىدۇ. ئېغىر ئەمگەككە، كېزىكلەر ئولىدىغان جايغا ئېلىپ كېتىشىدۇ. ئۇنىڭ بىرنەچچە ھەپتىلىك، نېرى كەتكەندە ئىككى ـ ئۈچ ئاي ياشايدىغان ئومرى قالدى. مېنىڭ ئىشىم سوتقا تاپشۇرۇلۇپ بولغان. دىمەك، سوتقا چاقىرىلغىچە يەنە بىر ئاي پانكراتىس تۈرمىسىدە ياتىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن

ئولۇمۇ يىراق ئەمەس. بۇ ھىكايەمنى ئەمدى يېزىپ پۈتتۈرەلمەيدىغاندەك تۇرىمەن. ھەر ھالدا پۇرسەت بولسىلا داۋاملىق يېزىشقا تىرىشىمەن. بىراق بۈگۈن يازالمايمەن. بۈگۈن پۈتۈن ئوي-خىيالىم ۋە يۈرىكىم گۈستىنانىڭ قايغۇسى بىلەن تولغان. ئۇ ئاقكۆڭۈل، ساپ دىل، قىزغىن روھلۇق ئىدى، مېنىڭ ئەنسىز ھاياتىمنىڭ ئىسسىق ۋە سادىق ھەمرىيى ئىدى.

مەن ھەر ئاخشىمى ئۇنىڭ ياخشى كورىدىغان ناخشىلىرىنى ئېيتىمەن: يايلاقلاردىكى چىمەنلىكلەرنى، پارتىزانلارنىڭ شانلىق جەڭلىرىنى، ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېرى بىلەن بىللە كۈرەشكەن كازاك قىزىنى، ئۇنىڭ سۇنماس قەھرىمانلىقلىرىنى، ئۇنىڭ قايسىبىر جەڭدە "يىقىلىپ چۈشۈپ، ئىككىنچى ئورنىدىن تۇرالمىغانلىقى"نى① قوشاقلارغا قېتىپ ئېيتىمەن.

مانا مېنىڭ جەڭگىۋار دوستۇم!② چىرايى ئىللىق، كىچىك بالىنىڭ كوزلىرىدەك بوتا كوزلۇك ۋە نازۇك كەلگەن بۇ ئايالنىڭ قەلبىدە كۈچ قانداق كوپ ئىدى! كۈرەش ۋە پات-پات بولۇپ تۇرىدىغان ئايرىلىشلارمۇ ئىككىمىزنى مەڭگۇ ئايرىلماس ھەمرا قىلىپ قويدى، بىز تۈنجى قېتىم ئۇچراشقان ۋە تۈنجى قېتىم ئوپۇشكەن چاغلاردىكى مۇھەببەتلىك ھىسلىرىمىزنى بىر قېتىم ئەمەس، بەلكى يۈزلەرچە قېتىم تەكرارلىدۇق. خوشاللىق

---

①② بۇ ئىككى جۈملىنى فۇچىك رۇسچە يازغان.

ۋە تەشۋىشلىك سائەتلەردىمۇ، ھاياجانلىق ۋە قايغۇلۇق سائەت-لەردىمۇ يۈرەكلىرىمىز بىرلىكتە سوقتى، تىنىقلىرىمىز بىرلىكتە چىقتى.

ئۇزاق يىللار داۋامىدا بىر بىرىمىزگە ياردەملىشىپ، پۈتۈن-لەي دوستلاردەك ئىشلەپ كەلدۇق. ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان مېنىڭ ئەسىرىمنى بىرىنچى بولۇپ ئوقۇپ كەلدى ۋە مېنىڭ بىرىنچى تەنقىتچىم بولۇپ يۈردى. ئەگەر ئۇنىڭ كويۇمچانلىق قاراشلىرى تۈرتكە بولمىغان بولسا، مەن يېزىشنى داۋاملاشتۇرالمايتتىم. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن كۈرەشلەرنى بىرلىكتە ئېلىپ باردۇق، ئۇزاق يىللاردىن بۇيان بىز قولمۇ-قول تۇتۇشۇپ، بىزنى جەلپ قىلغان شەھەرلەردە كېزىپ يۈردۇق. نۇرغۇن مۇھتاجلىقلارنى باشتىن كەچۈردۇق ۋە نۇرغۇن خوشاللىقلارنى ھەم كەچۈردۇق، چۈنكى بىزدە يوقسۇللارنىڭ بايلىقى بار ئىدى: يەنى بىزنىڭ كۆڭلىمىز باي ئىدى.

سىلەر گۈستىناني بىلمەكچىمۇ؟ گۈستىنا مۇنداق ئادەم:

بۇ ۋەقە ئۆتكەن يىلى 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ھەربى ھالەت بولغان كۈنلىرى بولغان ئىدى. ئۇ مېنى بىز قاملىپ ئالتە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن **بىرىنچى** قېتىم كوردى، ئۇ يالغۇز بىر كامې-رىدا يېتىپ، مېنى ئۇلۇمگە چىقىرىشۇەتكەنلىك توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، بۇ جەۋرلىك ئالتە ھەپتىنى ئازاپلىق خىياللار بىلەن ئۆتكۈزدى. ئۇنى مېنى ”يۇمشىتىش“ ئۈچۈن چاقىرغان ئىكەن.

كوممۇنىستلارغا قارشى بولۇمنىڭ باشلىغى بىزنى يۈزلەش-تۈرگەندە:

— مۇنۇنى بىر سوزگە كىرگۈزۈڭ، نەسىھەت قىلىڭ، ئەقىلگە كەلسۇن، ئۆزىنى ئويلىمىغان ھالدىمۇ، سىزنى ئويلىسۇن. ئويلاپ كورۇشۇڭلار ئۇچۇن بىر سائەت ۋاقىت بىرىمەن. ئەگەر ئۇ يەنىلا جاھىللىق قىلىدىكەن، بۈگۈن ئاخشاملىقتا ھەر ئىككىڭلارنى ئاتىمىز، — دىدى.

گۈستىنا ماڭا يىقىملىققىنا بىر قاراپ قويدى، ئاندىن ئۇنىڭغا:

— باشلىق ئەپەندىم، مىنى بۇنىڭ بىلەن قورقۇتالمايسىز، مىنىڭ سىزدىن سورايدىغىنىمنىڭ ئۆزىمۇ شۇ: ئەگەر بۇنى ئۆلتۈرسەڭلار مىنىمۇ ئۆلتۈرۈڭلار! — دىدى توپ-توغرىلا.

گۈستىنا مانا مۇشۇنداق سادىق ۋە قەتئى ئىدى.

ئۇلار بىزنى ھاياتتىن مەھرۇم قىلىشلىرى مۇمكىن، شۇنداق ئەمەسمۇ، گۈستىنا؟ بىزنىڭ ۋىجدانىمىزنى ۋە مۇھەببىتىمىزنى ھىچكىم مەھرۇم قىلالمايدۇ.

ھەي، دوستلار، ئەگەر مانا شۇ ئازاپ-كۈلپەتلەردىن كىيىن، يەنە يىنىپ دىدار كورۇشۇشكە نىسىپ بولىدىغان بولسا، بىزنىڭ قانداق ياخشى ئوتىدىغانلىغىمىزنى كوز ئالدىڭ-لارغا كەلتۈرۈپ بىقىڭلار! ھەتتەتۇق، ئەركىنلىك ۋە ئىجادىيەت نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان گۈزەل ھاياتتا يەنە يىنىپ كورۇشەر-مىدۇق! بىز نىمىنى ئارزۇ قىلىپ، نىمىگە ئىنتىلگەن بولساق ۋە نىمىنى دەپ، ھازىر ئۆلۈمگە كىتىپ بارغان بولساق، شۇ نەر-

سلەر ئەمەلگە ئاشقاندا بىللە ياشارمىدۇق! بىز ئۇلۇپ كەتسەك-مۇ، سىلەرنىڭ ئۇلۇغ بەختلىك ھاياتىڭلارنىڭ كىچىك بىر قىسمىدىن بەھرىمەن بولىمىز، چۈنكى، بىز شۇ بەختلىك ھايات ئۈچۈن جېنىمىزنى تەقدىم قىلدۇق. بىرنىڭ پۈتۈن خوشاللىغىمىز ئەنە شۇنىڭدا، شۇندىمۇ جۇدالىق ئېغىر ئىش.

بىزگە خوشلىشىشقىمۇ، قۇچاقلىشىشقىمۇ، قول سىقىشىشقىمۇ رۇخسەت قىلىشمىدى. پەقەت چالى مەيدانى① بىلەن پانكراتىس تۈرمىسىنى باغلاپ تۇرىدىغان تۈرمە كوللىكتىۋىلا بىز ئىككىمىز-نىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداقلىغىنى بىر بىرىمىزگە يەتكۈزۈپ تۇردى.

ئەمدى بىر بىرىمىزنى ھېچقاچان كورەلمەيدىغانلىغىمىزنى، گۈستىنا سەنمۇ بىلىسەن ۋە مەنمۇ بىلىمەن. لېكىن مەن سېنىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقان ئاۋازىڭنى ئاڭلايمەن: خوش، جېنىم! خوش، مېنىڭ گۈستىنام!

## مېنىڭ ۋەسىيىتىم

مېنىڭ كىتاپ ئىشكاۋىمدىن باشقا ھېچ نەرسەم يوق ئىدى. ئۇنى مەخپى ساقچىلار پاچاقلىۋەتتى.

مەن كوپلىگەن ئەدەبىي ۋە سىياسى ئوبزورلار، ئەدەبىي

---

① چالى مەيدانى پراگانىڭ مەركىزىي رايونى بولۇپ، شۇ چاغدا گۈستىنا مۇشۇ مەيداندىكى تۈرمىدە قاماقلىق ئىدى.

ئاخباراتلار، تىياتىر توغرىسىدىكى ئوبزورلار ۋە سۆزلەرنى يازغان ئىدىم. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەلۇم مەزگىلگە دائىر نەرسىلەر بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كاردىن چىقاتتى. بۇلارنى بىر ياققا قايرىپ قويايلى. لېكىن ھاياتى كۈچكە ئىگە نەرسىلەرمۇ بار، مەن گۇستىنا بۇلارنى رەتلەپ چىقىدۇ دەپ ئىشىنەتتىم. ئەمدى بۇنىڭمۇ ئىشقا ئېشىشى تەس بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سادىق دوستۇم لاداشتۇللىدىن① بۇ ماتېرىياللارنى توپلاپ، رەتلەپ، تۆۋەندىكىدەك بەش توپلام قىلىپ چىقىشنى ئۆتۈنىمەن:②

1. سىياسى ئوبزورلار ۋە مۇنازىرىلەر توپلىمى؛
2. ۋەتەن توغرىسىدىكى ئەدەبىي ئاخباراتلار توپلىمى؛
3. سوۋېت ئىتتىپاقى توغرىسىدىكى ئەدەبىي ئاخباراتلار توپلىمى؛
4 ھەم 5. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە تىياتىر توغرىسىدىكى ئوبزورلار ھەم مەخسۇس ماقالىلار توپلىمى.

بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى «ئىجادىيەت» ژورنىلى ۋە

---

① لاداشتۇللى(1902 ــ ) چېخوسلوۋاكىيىنىڭ داڭلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىچىسى، تەنقىتچىسى، ھازىر «چېخ ئەدەبىياتى» ژورنىلىنىڭ باش تەھرىرى.

② فۇچىكنىڭ ئەسەرلىرىنى كېيىن ئۇنىڭ يولدىشى بىلەن لاداشتۇللى «يۇلىۇس فۇچىك ئەسەرلىرى» قىلىپ تۈزۈپ چىققان. پراگادىكى "ئەركىنلىك" نەشرىياتى تەرىپىدىن 20 توم قىلىپ نەشر قىلىنغان.

«قىزىل ھوقۇق» گېزىتىدە بېسىلغان، بەزىلىرى «دەرەخ»، «بۇلاق»، «پرولېتارىيات مەدەنىيىتى»، «دەۋر»، «سوتسىيالىزىمچىلار»، «ئاۋانگارت» ۋە باشقا ژۇرناللاردا بېسىلغان.

نەشرىياتچى گىرگالد (مەن ئۇنى دۈشمەن ئىستىلاسى دەۋرىدە مېنىڭ «كۆرەشچان بۇژىنا نېمىسىۋا»① دېگەن كىتاۋىمنى ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن نەشر قىلىشقا جۈرئەت قىلغانلىغى ئۈچۈن ياخشى كورىمەن) نىڭ كىدە مېنىڭ يۇلى زېيىر② توغرىسىدا يازغان قولىيازمام بار. سابىن③ توغرىسىدا يازغان دەسلەپكى قولىيازمىلىرىم ۋە يان نېرۇدا ھەققىدىكى ماقالىلىرىمنىڭ بىر قىسمى يېلىنىكلار، ۋىسۇشىللار ۋە سۇخانىكلار تۇرغان ئويلەردە قەيەرلەردىدۇ ساقلانغان، بۇ يولداشلارنىڭ كۈيچىلىگى ھازىر ھايات ئەمەس.

مەن يەنە بىزنىڭ — مۇشۇ دەۋرنىڭ كىشىلىرى توغرىسىدا رومان④ يېزىشقا باشلىغان ئىدىم. ئۇنىڭ ئىككى بابى ئاتا-

---

① نېمىسىۋا (1820 — 1862)، ئايال چېخ يازغۇچىسى، چېخ تەنقىدى رىيالىزىملىق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ «قېيىن موما» دېگەنگە ئوخشاش نەمۇنىلىك ئەسەرلىرى بار.

② زېيىر (1841 — 1901)، چېخ شائىرى، يازغۇچىسى.

③ كالىر سابىن (1813 — 1877)، مەشھۇر چېخ ئەدەبىي تەنقىتچىسى ۋە ئوپېرا ئەسەرلىرىگە نەزمە تۈزۈپ بەرگۈچى.

④ فۇچىك يېزىپ پۈتتۈرەلمىگەن رومانىنىڭ تېمىسى «پېتىردىن بۇرۇنقى كىشىلەر» ئىدى.

ئانامنىڭ قولىدا، قالغانلىرى يوقىلىپ كەتكەن بولسا كېرەك. بىرنەچچە ھېكايىلىرىمنىڭ قولىيازمىلىرىنى مەخپىي ساقچىنىڭ دېلولىرى ئىچىدىن كۆرۈپ قالدىم.

مەن كەلگۈسى ئەدەبىيات تارىخچىسىغا يان نېرۇدانى ئاسراش توغرىسىدا ۋەسىيەت قالدۇرىمەن. بۇ بىزنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ شائىرىمىز. ئۇ كەلگۈسىنى خېلى ئالدىن كۆرەلىگەن ئادەم، لېكىن مۇشۇ كۈنگىچە ئۇنىڭ ئەمگەكلىرىنى يەتكۈدەك قىلىپ تەقدىرلىگەن ۋە باھالىغان ھەم ئىلمىي ئاساستا چوڭقۇر تەكشۈرگەن بىرمۇ ئەسەر بولغان ئەمەس. نېرۇدانىڭ پۈرولېتار ئىكەنلىكىنى كىتاپخانلارغا ئۇقتۇرۇش كېرەك. كىشىلەر ئۇنىڭغا مالاسترانا① گۈزەللىكلىرىنىڭ ئىشقىۋازى دېگەن نامنى يېپىشتۇردى، ئەمما ئۇنىڭ ئەنە شۇ "گۈزەللىكلەرگە پۈركەنگەن" قېدىمىي مالاسترانانىڭ "ئازغۇنى" ئىكەنلىكىنى بىلمىدى؛ ئۇنىڭ مالاسترانا بىلەن سمىخوۋ رايونىنىڭ② چېگرىسىدا تۇغۇلۇپ، ئىشچىلار مەھەللىسىدە ئۆسكەنلىكىنى بىلمىدى؛ ئۇنىڭ «قەۋرىستان گۈللىرى» دېگەن ئەسىرىنى يېزىش ئۈچۈن، مالاسترانادىكى قەۋرىستانغا

① مالاسترانا — پىراگا شەھىرىنىڭ ئۇششاق بۇرژۇئا تۇرىدىغان قىسمى.

② سمىخوۋ رايونى — پىراگادىكى بىر ئىشچىلار رايونى. بۇ يەردە فۇچىك يان نېرۇدانىڭ مەيدانىنى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە بىلەن ئىشچىلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدا ئىدى ۋە ئىشچىلار سىنىپى تەرەپكە بۇرۇلماقتا ئىدى دېمەكچى.

رىنگخوفىرووۋكا زاۋۇدى ئارقىلىق كەلگەنلىكىنى كورمىدى.
بۇلارنى بىلمەي تۇرۇپ، «قەۋرىستان گۇللىرى»دىن «1890 ـ يىل
1 ـ ماي» غىچە① بولغان ئارىلىقتىكى نېرۇدانى چۈشىنىشىڭ
مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. بەزى تەنقىتچىلەر، ھەتتا شالدىغا②
ئوخشاش نەزەر دائىرىسى كەڭ تەنقىتچىلەرمۇ نېرۇدانىڭ ژورنا-
لىستىك پائالىيىتى ئۇنىڭ شېئىرىيەتچىلىك ئىجادىيىتى ئۈچۈن
توسالغۇلۇق قىلىدۇ دەپ ھىساپلايدۇ. بۇ تازا تۇترۇقسىز گەپ!
ئەكسىچە، ئۇ دەل ژورنالىست بولغانلىقى ئۈچۈنلا، «باللادىلار
ۋە رومانىستلار»، «جۇمەلىك ناخشىلار»، شۇنىڭدەك كوپ قىسىم
«ئاددى تېمىلار» دىگەنگە ئوخشاش ئاجايىپ ياخشى داستانلارنى
يازالىدى. ژورنالىستلىق ئىشى ئادەمنى ھارغۇزۇشى مۇمكىن،
ئەمما ئۇ نېرۇدانى كىتاپخانىلار بىلەن يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ
شائىرلىق ئىجادىغا ياردەم بەردى، بولۇپمۇ نېرۇداغا ئوخشاش
توغىرا ژورنالىست ئۈچۈن شۇنداق بولدى. نېرۇدا بىر كۈنلا

① «قەۋرىستان گۇللىرى» (1857) نېرۇدانىڭ تۇنجى شېئىرلار
توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭدا 1848 ـ يىلدىكى ئىنقىلاپ مەغلۇپ
بولغاندىن كېيىن ياۋروپادىكى ياش زىيالىلارنى قاپلىغان ئۈمىت-
سىزلىك كەيپىياتلىرى ئىپادىلىنىدۇ. «1890 ـ يىل 1 ـ ماي» بولسا
جەڭگىۋار ئەسەر بولۇپ، ئۇ ئۈمىتۋارلىققا تولغان، ئۇ شائىرنىڭ
ئەڭ ئاخىرقى ئەسىرى ئىدى.
② شالدى (1867 ــ 1937)، خېلى تەسىرى بار چېخ ئەدىبىي
تەنقىتچىسى.

ياشايدىغان گېزىت بىلەن شۇغۇللانمىغان بولسا، نۇرغۇن داستان-لارنى يېزىۋەتكەن بولاتتى، لېكىن ئۇنىڭسىز ھازىرقى ئىجادىي ئەسەرلىرىدەك، ئەسىرلەر بويى ياشايدىغان بىرمۇ ئۇچمەس ئەسەر يازالمايتتى.

مېنىڭ سابىق توغرىلىق يېزىشقا باشلىغانلىرىمنى بەلكى بىرەر كىشى ئاياقلاشتۇرۇۋېتەر. چۈنكى سابىق بۇنىڭغا ئەرزىيدىغان ئادەم.

مەن ئاتا-ئانامنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشنى بارلىق ئەمگىكىم بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئۇلارنىڭ ماڭا بولغان پاك مۇھەببىتىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئاددى ئەمما يۈكسەك پەزىلىتىگە جاۋاپ قىلسام دەيتتىم. ئەلۋەتتە، مېنىڭ بارلىق ئەمگىكىم بۇنىلا مەقسەت قىلمايدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئۆز يېنىدا بولمىغانلىقىم ئۈچۈن قايغۇرماسلىقىنى ئۈمىت قىلىمەن. ”ئەمگەك قىلغۇچى ئۆلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ قىلغان ئىشى ئۆلمەيدۇ.“ ئاتا-ئانامنى ئورىۋالغان ئىللىقلىق ۋە يورۇقلۇقتا ھەرقاچان ئۇلار بىلەن بىللە بولىمەن،

مەن سىڭىللىرىم لىۇبا ھەم ۋىرادىن ئائىلىمىزدە بولغان ئېغىر يوقىتىش ھەسرىتىنى ئۇنتۇشتا ئاتا-ئانامغا ئۆز ناخشىلىرى بىلەن ياردەم قىلىشىنى سورايمەن. ئۇلار پىستىچەك سارىيىدا بىز بىلەن كۆرۈشكەندە ناھايىتى قاتتىق يىغلاشتى. لېكىن كۆڭلىدە خوشاللىق بار ئىدى، چۈنكى مەن ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇلارمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇلار خوشال-

لىق سەپكۈچىلەر ئىدى، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولۇپ قىلىشـ
سۇن.
مۇشۇ ئەڭ ئاخىرقى كۈرەشتە ئامان-ئېسەن قالغان يولداشـ
لارنىڭ ۋە بىزدىن كېيىن كۈرەشكە قاتنىشىدىغان يولداشلارنىڭ
قوللىرىنى مەھكەم قىسىمەن. ئۇزەم ئۇچۇن ۋە گۇستىنا ئۇچۇن
قىسىمەن. بىز ئۇز قەرزىمىزنى ئۇتىدۇق.
يەنە تەكرارلاپ ئېيتىمەن: بىز خوشاللىق ئۇچۇن ياشىدۇق،
خوشاللىق ئۇچۇن جەڭگە كىردۇق، ئەمدى خوشاللىق ئۇچۇن
ئۇلىمىز. شۇڭلاشقا بىزنىڭ نامىمىز ھېچ ۋاقىتتا قايغۇ بىلەن
يادلانمىسۇن.

ي.ف

1943 - يىل 19 - ماي.

## 1943 - يىل 22 - ماي

ئىش پۈتتى، ئىمزامۇ قويۇلدى، مېنىڭ سوت مەھكىمىسى
تەرىپىدىن تەكشۈرۈلىدىغان ئىشىم ئاياقلاشتى. ھەممە ئىش
مېنىڭ ئۇيلىغىنىمدىنمۇ تېزرەك پۈتتى. ئۇلار ئالدىرايدىغاندەك
كورۇنىدۇ. مېنىڭ بىلەن لىدا پىلاخا ۋە مىرىك ئەيىپلەندى.
مىرىكنىڭ ساتقىنلىغى ئۇنى قۇتۇلدۇرالمىدى.
تەكشۈرگۈچى شۇ قەدەر سىپايى ۋە سوغاق ئىدىكى، ئۇنىڭ

هەر بىر قارىشى ئادەمنى يىرگەندۈرىدۇ، مەخپىي ساقچىدا ئازدۇر ـ كوپتۇر تۇرمۇشنىڭ بارلىغى سىزىلىدۇ، ئۇ قورقۇنچلۇق بولسىمۇ، بەربىر تۇرمۇش. بۇ يەردە قىزغىنلىق بار، بىر ياقتا كۆرەشچىلەرنىڭ قىزغىنلىغى بولسا، يەنە بىر ياقتا ئۇۋچىلارنىڭ، بۇلاڭچىلارنىڭ ياكى ھەتتا قاراقچىلارنىڭ قىزغىنلىغى بار. يەنە بىر ياقتا بۇ قىزغىنلىقنىڭ ئىچىدە ھەتتا ئىنتىقاتقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر نەرسىمۇ بار، بۇ يەنە بىر خىل ئادەملەرنىڭ قىزغىنلىغى. بىراق، بۇ يەردە، تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ ئىچىدە، ئەمەلدارلارنىڭ يامۇلىدىن باشقا نەرسە يوق. تەكشۈرگۈچىنىڭ يېقىمىدىكى فاشىستلىق تامغىسى بېسىلغان بەلگە ئۇنىڭدا بولمىغان ئىنتىقاتتىن دېرەك بېرەتتى. بۇ بەلگە قالقاندىن باشقا ھىچ نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ ئارقىسىغا پەقەت مۇشۇ يىللارنى بىر ئامال لاپ ئوتكۇزۇۋېلىش نىيىتىدە بولغان بىچارە ئەمەلدار يوشۇرۇنغان. ئەيپكارغا ئۇ يامانلىقمۇ قىلمايدۇ، ياخشىلىقمۇ قىلمايدۇ، كۆلۈپمۇ قويمايدۇ، قاپىغىنىمۇ تۈرمەيدۇ. ئۇ پەقەت ئەمەلدار. ئۇنىڭ تومۇرلىرىدىكى قان ئەمەس، بەلكى قانداقتۇ سۇيۇق يىرىڭدەك بىر نەرسە.

ئەيىپنامە يېزىلدى، ھەممىسى قول قويۇشۇپ، ھەممە نەرسە تېگىشلىك مادداـ تارماقلارغا ماسلاشتۇرۇلدى. ماڭا ئالتە چوڭ جىنايەت يېزىلدى: گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنى ئاغدۇرۇشقا قەست قىلدى، قوراللىق قوزغىلاڭ كوتەرمەكچى بولدى...... يەنە باشقا نىملەرنى يازدىكىن تاڭ. بۇ ماددىلارنىڭ بىرسىلا ماڭا

كيىملىرىنى قۇرۇتتى. ئۇيەدە پايتىملار ۋە ھول كيىملەرنىڭ ئوتتۇ-رىسىدا ئەللىكچە قىزىل ئەسكەر سوزۇلۇشۇپ ياتقان ئىدى. ئەتىگەن سەھەردە ئۇينىڭ ئىگىسى — ياشقىنا جۇگان بولكا پىشۇرۇپ، ئۇز قولى بىلەن كېسىپ، جەڭچىلەرگە بولۇپ بىرىپ:

— بىر ئامال قىلىپ ئەپىتسەرلەرنى يېزىمىزغا كىرگۈزمەڭلار، بەرىكە تاپقۇرلار! — دىدى.

قىزىل ئەسكەرلەر ياش جۇگانغا جاۋاپ قايتۇرۇشاتتى:

— ھىچ نەرسىدىن قورقما... بىر نەرسىدىن قورق...

بۇنىڭ كەينىدىن شۇنداق سوزنى قىلدىكى، جۇگان ئىككى قولىنى كوتىرىپ:

— ۋاي ئۇياتسىز شولگەيلەرەي... جىنىڭلار تۇمشۇغۇڭلارغا كېلىپ قالسىمۇ پىكىر-ئويلىرىڭلار ئەنە شۇنىڭدا!... — دىدى.

تۇنۇگۇنكى كېچىلىك يۇرۇشتىن كېيىن روشىنىنىڭ پۇتۇن تېنى سىقىراپ ئاغرىدى. ئەمما ئۇنىڭ قارارى قەتئى ئىدى. ئەتىگەنلىگى ئۇ كوكتاتلىقتا ھەممە بىلەن بىر قاتاردا توگىلاپ قېتىپ كەتكەن يەرنى كولىدى. كېيىن ھارۋىلاردىكى ئوق ساندۇقلىرىنى يېزىنىڭ باشقارمىسىغا توشۇدى. چۇشلۇك تاماقتا بىر ئادەمگە بىر ئىستاكاندىن ھاراق بېرىشتى، ئۇنى ئىچىپ تېنى قىزىشقاندىن كېيىن ئاغرىغى توختاپ، سوڭەكلىرى ئارام ئېلىشقا باشلىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىشنى ئۇزاققا سوزماستىن، شۇ كۇنىلا پۇتتۇرۇشنى قارار قىلدى.

ھازىر ئۇ ئالدىنقى قاراۋۇلغا بېرىش ئۇچۇن سوراشقا بىرەر سەۋەپ تېپىش نىيىتىدە يېزا باشقارمىسىنىڭ ئىشىگى ئالدىدا يۇرەتتى. ئۇ ھەممە نەرسىنى ئالدىن ئويلاپ، تەييارلاپ قويغان ئىدى، ھەتتا شاڭۋېيلىق پاگونىمۇ چاپانىنىڭ ئىچىگە تىكىپ قويغان ئىدى.

يۈز مىڭلىغان مەھبۇسلار، مىليونلىغان ئەسكەرلەر، پۈتكۈل ياۋروپادىكى ۋە يەر يۈزىدىكى مىليون ـ مىليون كىشىلەر بەرمەكتە. بىرمۇنچىلارنىڭ ئۈمىدى چوڭراق بولىدۇ، بىرمۇنچىلارنىڭ كىچىكرەك بولىدۇ. لېكىن بۇ كورۇنۇشتىكىلا ھادىسە. چىرىۋاتقان كاپىتالىزىم يەر يۈزىنى دەھشەتكە تولدۇردى، بۇ دەھشەت ھەر بىر ئادەمگە ئۆلۈم ئاپىتى خەۋپىنى كەلتۈرمەكتە. تىرىك قالغانلار ”مەن فاشىزىم ئاپىتىدىن ئامان قالدىم“ دەپ تۇرغىچە، يۈز مىڭلىغان ئادەملەر (بۇ ئاجايىپ ئادەملەر!) ھالاك بولىدۇ.

ھەل قىلغۇچ ئايلارمۇ كېلىپ قالدى. يېقىندا ھەل قىلغۇچ كۈنلەرمۇ كېلىدۇ. بۇ كۈنلەر جەڭنىڭ ئالاھىدە كەسكىن كۈنلىرى بولىدۇ. ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇربانى بولۇش، ئەڭ ئاخىرقى سېكۇنتتا، ئەڭ كېيىنكى ئوقتىن ئۆلگەن ئەسكەر بولۇشنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى مەن بىرنەچچە قېتىم ئويلاپ كوردۇم. لېكىن كىمدۇ بىرىنىڭ ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى قۇربانى بولۇش كېرەككقۇ! ئەگەر مەن ئۆزەمنىڭ ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇربانى بولىدىغانلىقىمنى بىلسەم ئىدىم، مەن بىر مىنۇتمۇ كېچىكمەي، خۇرسەنلىك بىلەن ئۆلۈمگە قۇچاق ئاتاتتىم.

مېنىڭ پانكىراتىستىكى كۈنلىرىم ساناقلىقلا قالدى، مەن ئەمدى ئەسىرىمنى كوڭۇلدىكىدەك يېزىپ چىقىشقا ئۇلگۇرەلمەيمەن. ئەمدى يىغىنچاقلىقراق يېزىشىم كېرەك. مېنىڭ ئەسىرىم پۈتكۈل

دەۋرنىڭ گۇۋاچىسى بولغىنىدىن كورە، بەزى ئادەملەرنىڭ گۇۋاچىسى بولغىنى تۇزۇكرەك. مىنىڭچە بۇ ھەممىدىن مۇھىم.

كىشلەرنى تەسۋىرلەپ كورستىشنى يىلىنىكلاردىن باشلىدىم، بۇلار ئاددى كىشلەر بولۇپ، باشقا ۋاقىتلاردا بۇ ئاددى كىشلەردە بولغان قەھرىمانلىق خىسلەتلەرنى ھىچكىم بايقاپمۇ ئالالمايتتى. قولغا ئىلىنغاندا ئۇلار قاتار تۇرۇشتى، ئىرىنىڭ رەڭگى ئوچۇپ، ئايالىنىڭ ئىككى مەڭزى خۇددى سىل ئادەمدەك قىزىرىپ قالغان ئىدى. ھەر نەرسە ئوز جايىغا قويۇلۇپ، تازا ئوبدان قىلىپ قويغان ئوينى مەخپى ساقچىلار بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە ئاستىن-ئۇستۇن قىلغاندا، ئۇنىڭ كوزلىرىگە قورقۇنچ پەيدا بولدى. ئۇ ئاستا بۇرۇلۇپ ئىرىگە قاراپ:

پىپو،① ئەمدى نىمە قىلىش كىرەك؟ — دىدى.

سوزگە بىخىل، ئەمما ئاغزى ئىچىلىپ كەتسە ئوزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان لوزىنى ئەمدى تەمكىن ھالدا، تەمتىرىمەي جاۋاپ بەردى:

— ئولۇمگە بارىمىز، مارىيە.

مارىيە ئۇن چىقارمىدى، سەنتۇرۇلۇپمۇ قويمىدى، پەقەت چىرايلىق بىر قىياپەت بىلەن قولىنى چۇشۇرۇپ، ئوزىگە تەگلىنىپ تۇرغان تاپانچا ئاستىدىن قولىنى ئاستاغىنا ئىرىغا سوزدى، بۇنىڭ ئۇچۇن بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ يۇزىگە بىرىنچى

---

① پىپو — لوزىفقا ئەركىلىتىپ قويۇلغان ئات.

مۇشت تەگدى. مارىيە دەرھال يۈزىنى سۈرتۈۋېتىپ، بۇ چاقىرىلمىغان مېھمانلارغا ھەيران بولۇپ قارىدى-دە، زاكىلىق قىلىپ:

— قانداق چىرايلىق يىگىتلەر، — ئۇنىڭ ئاۋازى بارا-بارا چىڭىغلى تۇردى، — قانداق چىرايلىق يىگىتلەر...... ئەسلىدە بۇنداق ۋەھشىلەر ئىكەن-دە.

مارىيە ناھايىتى توغرا ئېيتتى. بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ئۇنى ھۇشىدىن كەتكۈدەك ئۇرۇپ، "سوراق" بولمىسىدىن ئېلىپ چىقتى. لېكىن ئۇلار مارىيەگە بىر ئېغىزمۇ سوز ئېيتقۇزالمىدى. بۇ قېتىملا ئەمەس، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدىن ھېچبىر سوز ئالالمايدۇ.

مەن كامىردا ئولۇم ھالىدا ياتقان ۋاقىتتا، يىلىنىكلارنىڭ قانداق ھالدا بولغانلىغىنى بىلمەيمەن. پەقەت ئۇلارنىڭ پۈتكۈل بۇ ئارىلىقتا ھېچبىر سوز ئېيتمىغانلىغىنى ئوبدان بىلىمەن. ئۇلار مېنىڭ يولىيورۇغۇمنى كۈتكەن. پىپونى بىرنەچچە قېتىم ئورۇندۇقتا باغلاپ، تاياقنى غولىدىن ئوكستىمەي ئۇرغان، لېكىن سوراق ئىشنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، نىمە توغرىلىق ئېيتىش ۋە قانداق قىلىپ ئېيتىش توغرىسىدا مەن كوز ئىشارىتىم بىلەن ياكى قولىغا ئاستا پىچىرلاپ ئىشارەت قىلمىغىچە ھېچبىر سوز ئېيتقان ئەمەس.

مارىيە كوڭلى يۇمشاق، ئانچىكىلا ئىشلارغا يىغلىۋېتىشكە تەييار تۇرىدىغان ئايال ئىدى. قاماققا ئېلىنغىچە، مەن مارىيەنى

شۇنداق دەپ بىلەتتىم. لېكىن قاماقتا ئېلىنغاندىن بېرى مەن ئۇنىڭ كوزىدە ياش تامچىسىنى كورگىنىم يوق. ئۇ ئوزىنىڭ ئويىنى ياخشى كورەتتى، ئەمما ئۇنىڭ تۇرمىنىڭ سىرتىدىكى يولداشلىرى ئۇنىڭ كوڭلىنى ياساپ، ئوي جابدۇقلىرىڭنى كىمنىڭ ئوغرىلىغانلىغىنى بىلىمىز، ئوغرىلارغا كوز ـ قۇلاق بولۇپ يۈرۈۋاتىمىز دەپ، باشقىلاردىن ئېيتقۇزغاندا، مارىيە ئۇلارغا: "جابدۇق قۇرۇسۇن. ئۇنىڭغا ۋاقىت سەرپ قىلىشنىڭ هاجىتى يوق. ئۇلار ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ مۇهىمراق ئىش بار. هازىر ئۇلار بىزنىڭ ئورنىمىزدا ئىشلىشى كېرەك. ئالدى بىلەن ئەڭ مۇهىم ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىش كېرەك. ئەگەر جېنىم ئامان بولسا، ئويىنى ئوزەم تەرتىپكە سېلىۋالىمەن" دەپ جاۋاپ بەرگەن.

بىر كۈنى، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى قاياققىدۇ بەلگىسىز ئىككى ياققا ئايرىپ ئېلىپ كېتىشتى. مەن ئۇلارنىڭ سىرتىغىنى (خەۋىرىنى) ئېلىشقا كوپ هەركەت قىلىپ باقتىم، لېكىن هېچ نەرسە بىلەلمىدىم. مەخپى ساقچىنىڭ قولىغا چۈشكەنلەرنىڭ تولىسى دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىدۇ، غايىپ بولۇپ، مىڭلاپ ـ مىڭلاپ، تۈرلۈك قەۋرىستانلارغا تېرىلىپ كېتىدۇ. بۇ دەهشەتـ لىك تېرىلغۇدىن قانداق هوسۇل چىقاركىن!

مارىيەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تاپشۇرۇغى مۇنداق ئىدى:

ـ باشلىق، سىرتتىكى يولداشلارغا ئېيتىپ قويۇڭ: ئۇلار ماڭا ئېچىنمىسۇن ۋە بۇ ئىشتىن قورقۇپمۇ كەتمىسۇن. مەن

ئىشچىلار سىنىپى مەندىن نىمىنى تەلەپ قىلغان بولسا، شۇنى ئورۇنلىدىم، مەن ئۇنىڭ تەلىۋى بويىچە ئۆلىمەن.

ئۇ "ئاددى ئۆي خىزمەتكارىلا" ئىدى. ئۇنىڭ كىلاسسىك ئەدىبىياتتىن مەلۇماتىمۇ يوق ئىدى، شۇڭا قاچاندۇ بىر زامانلار-دا كىمدۇ بىرسىنىڭ ئىگىز خادا چوققىغا:

"يولۇچىلار، لىكىدىمۇنلىقلارغا بېرىپ ئېيتىپ قويۇڭلار، بىز ئۇلارنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە، ئۆز ۋەزىپىمىزنى ئورۇنلاپ قازا تاپتۇق!"① دەپ ئويۇپ قويغان سۆزلىرىنىمۇ بىلمەيتتى.

## ئەر-خوتۇن ۋىسۇشىللار

ئۇلارمۇ يېلىنىكلار تۇرغان بىنادا ئولتۇراتتى، ئۇيىمۇ بىز قاتاردا ئىدى. ئۇلارنىمۇ لوزىن ۋە مارىيە دەپ ئاتىشاتتى.

---

① لىكىدىمۇن — قەدىمقى يۇناننىڭ بىر رايونى. مىلادىدىن 480 يىل ئىلگىرى يۇنان بىلەن پېرسىيە ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشتا، لىكىدىمۇن پادىشاسى لىونىداس ئۆزى ئۈچ يۈز جەڭچىنى ئېلىپ، يۇناننىڭ شەرق قىسمىدىكى ئارشاڭ قورول دىگەن يەرنى جىسەپ تۇرغان. لىكىدىمۇننىڭ ئەزىمەتلىرى دۈشمەننىڭ تەرەپ-تەرەپ-تىن سالغان قورشاۋىغا قارشى ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادەم قالغىچە باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغان. كېيىن كىشىلەر ئۇلارغا ئاتاپ، مۇشۇ يەردە بىر مۇنار سالغان، مۇنارىنىڭ ئۇستىگە قىدىمقى يۇنان شائىرى كېوسدىشىمپىندىس يېزىپ بەرگەن بۇ سۆزنى ئويۇپ قويغان.



www.uyghurkitap.com

تووەن قاتلامدىن چىققان كىچىك خىزمەتچى ئائىلىسى ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ يېشى خوشنىسىنىڭ يېشىدىن سەل چوڭراق ئىدى. نۇسلى① رايونىدا تۇرىدىغان، ئۇزۇن بويلۇق، شادىپاچاق، ئون يەتتە ياشلاردىكى لوزىفنى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇ-شىدا ئەسكەرلىككە ئېلىنىشتى. بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن، ئۇنى كىشلەر بىرتىزى چىقىلغان ھالىدا جەڭ مەيدانىدىن كوتىرىپ كېلىشتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ساقىيالماي، ئاقساق بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ مارىيە بىلەن بۇرنو دىگەن يەردىكى دالا ئارمىيىسى شىپاخانىسىدا ياتقىنىدا تونۇشتى، ئۇ چاغدا مارىيە ھەمشىرە بولۇپ ئىشلىگەن ئىدى. مارىيە ئۇنىڭدىن سەككىز ياش چوڭ ئىدى. ئۇ بۇرۇنقى ئېرى بىلەن چىقىشالماي، ئاجرىشىپ كەتكەن، ئۇرۇشتىن كېيىن لوزىفقا تەككەن. ئۇ لوزىفقا ھەمىشە ھەم ھەمشىرىلەرچە، ھەم ئانىلارچە مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى پۈرولېتارىيات ئائىلىسىدىن كېلىپ چىقمىغان، شۇنىڭ-دەك پۈرولېتارىيات ئائىلىسى بولۇپمۇ شەكىللەنمىگەن. ئۇلار پارتىيە يولىنى بىرقەدەر قىيىن، مۇرەككەپ ئەھۋاللار ئاستىدا تاپتى، ــ لېكىن ئۇلار بۇ يولنى ئاخىر تاپتى. مۇشۇ خىلدىكى نۇرغۇن ئەھۋاللارغا ئوخشاش، بۇ يولغا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقى-لىق يەتتى. نېمىس قاراقچىلىرى بېسىۋېلىشتىن ئىلگىرىلا

① نۇسلى ــ پراگانىڭ شەرقىي جەنۇبى شەھەر ئەتراپىدىكى بىر سانائەت رايونى.

ئۇلار قايسى يولۇنۇشكە قاراپ تىرىشىشنى بىلەتتى. ئۇلار تېخى ئۇز ئۆيىدە بىرمۇنچە گېرمانىيىلىك يولداشلارنى ساقلاپ قالغان.

ئەڭ قىيىن يىللاردا — قاراقچىلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېسىپ كىرگەن ۋە 1941 ـ يىلى بىرىنچى قېتىم ھەربى ھالەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتتا، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بارلىق ئەزالىرى مانا مۇشۇلارنىڭ ئۆيىدە يىغىن ئاچقان ئىدى. گۈنزا چىكا بىلەن گۈنزا چورنى پات ـ پات ئۇلارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالاتتى، مېنىڭ قونۇپ قالغان ۋاقىلىرىممۇ ھەممىدىن كوپ. «قىزىل ھوقۇق»قا بەرگەن ماقالىلارنىڭ نۇرغۇنى مۇشۇ يەردە يېزىلغان. نۇرغۇن قارارلار مۇشۇ ئۆيدە ماقۇللانغان، مەن مۇشۇ ئۆيىدە بىرىنچى قېتىم "كارىل" — چورنى بىلەن تونۇشقان.

ئۇلار ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىلا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇپ، كۈتمىگەن ئەھۋاللار يۈز بېرىپ قالغاندا — يەر ئاستى خىزمەتتە دائىم كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ — ھامان ئۇنى ئۇستىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلالايتتى. ئۇلار بۇنداق ئىشلارغا ھەقىقەتەن ئۇستا ئىدى. مۇشۇنداق ياخشى نىيەتلىك، ئۇزۇن بويلۇق، تومۇريولدا كىچىككىنە بىر خىزمەتتە ئىشلەيدىغان ۋىسىۇشىلنى ۋە ئۇنىڭ خانىمنى مۇنداق خاتا ئىشنى قىلار دەپ ھېچكىم ئويلاپمۇ قويماس ئىدى.

مانا ئەمدى مەن قاملىپ، ئۇزاق ئوتمەيلا ئۇنىمۇ قاماققا ئالدى. مەن ئۇنى تۇرمىدە دەسلەپ كورگىنىمدە قاتتىق تەش-



www.uyghurkitap.com

ۋىشلەندىم. ئەگەر ئۇ ئاغزى بوشلۇق قىلىپ ئېيتىپ قويسا، ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر خەۋپ ئاستىدا قالاتتى! لېكىن ئۇ ئاغزىنى مەھكەم تۇتقان. ئۇ بىرنەچچە تەشۋىق ۋارىقىنى بىر دوستىغا بەرگەنلىكى ئۈچۈن قاماققا ئېلىنغان. مەخپىي ساقچىلار بۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە بىلىشەلمىگەن.

بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، باشقا بىرسىنىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن، مەخپىي ساقچىلار گۇنزا چورنىنىڭ ۋىسۇشىۋانىڭ سىڭلىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرغانلىقىنى بىلىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىزنىڭ مەركىزىي كومىتېتنىڭ "سوڭغى موشىگانى"نىڭ① ئىزىنى تېپىش ئۈچۈن، پىپونى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئۇدا ئىككى كۈن "سوراق"قا ئالىدۇ. ئۈچىنچى كۈنى پىپو "400 ـ "گە كىرىپ كېلىدۇ ھەم ئاستا ئاۋايلاپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ. قانلىرى ئېقىپ تۇرغان يېڭى يارىلىرى بىلەن ئولتۇرۇش ھېساپسىز ئېغىر ئىش ئىدى. مەن ئۇنىڭغا سوراق ۋە مەدەت بېرىش قارىشىم بىلەن قارىدىم. ئۇ پراگا ئەتراپىدىكى نوسلى رايونىدا ياشىغۇ-

---

① ئامېرىكا يازغۇچىسى جېمۇس كۇپى (1789 ـــ 1851) «سوڭغى موشىگان» دېگەن بىر رومانىنى يازغان (1826). روماندا شىمالىي ئامېرىكا مۇستەملىكە بولۇپ تۇرغان چاغدىكى ھىندىيانلارنىڭ تۇرمۇشى مەزمۇن قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇرۇشتا قىرىلىپ تۈگىگەن ھىندىيانلارنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى يالغۇز ئۇزىلا قېپقالغانلىقتىن، "سوڭغى موشىگان" بولۇپ قالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

چىلارغا خاس بولغان شۇبدە خوشاللىق بىلەن:

— كاللاڭ يول قويمىغاندا، ئېغىزدىن جان چىقسۇ، سۆز چىقمايدۇ، — دېدى.

مەن بۇ كىچىك ئائىلىنى ياخشى بىلەتتىم ۋە بۇلارنىڭ ئىككىسىنىڭ بىر بىرىسىنى سۆيىدىغانلىقىنىمۇ، ئەگەر بىر بىرىسىدىن بىر-ئىككى كۈن ئايرىلغۇدەك بولسا، بىر بىرىسىنى سېغىنىپ، ئىچى پۇشۇپ كېتىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتىم. ئەمدى ئايلار ئۆتمەكتە...... بولۇپمۇ يالغۇزلۇق ئولۇمىدىنمۇ قاتتىق تېگىدىغان ياشقا يېتىپ قالغاندا، يالغۇز ئايالغا ھايات كەچۈرۈش بەك ئېغىر ئىش بولسا كېرەك! ئۇ ئېرىنى قانداق قىلىپ قۇتقۇزۇۋېلىش توغرىسىدا، ئۇنى قانداق قىلىپ بۇ كوڭۇللۇك ئائىلىگە قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا، بىر بىرىنى ”كىچىك ئانا“، ”كىچىك ئاتا“ دەپ قىزىق ئەركىلىتىشىدىغان ئائىلىگە قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا ئويلاپ، قانچە كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى! ئۇ ئاخىرى بىردىن-بىر توغرا يول تاپتى: داۋاملىق ئىشلەش، ئۆزى ئۈچۈنمۇ، ئېرى ئۈچۈنمۇ ئىشلەش.

1943-يىلىنىڭ كىرىشى، يېڭى يىلنى قارشى ئالغان ئاخشىمى ئۇ يالغۇز ئۆزى شىرەنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى، ئېرىنىڭ سۈرىتىنى ئادەتتە ئولتۇرىدىغان تەرەپكە قويدى، يېرىم كېچە بولۇپ، سائەت جاراڭلىغاندا، ئۇ ئۆز رومكىسىنى ئېرىنىڭ رومكىسىغا سوقۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، قاماقتىن بالدۇرراق قۇتۇلۇپ چىقىشى ئۈچۈن، ئازات بولغىچە ئامان-ئېسەن بولۇشى

ئۇچۇن ئىچتى.
بىر ئايدىن كېيىن ئۇنىمۇ قاماقتا ئالدى. بۇنى ئاڭلىغان "400 - "دىكى مەھبۇسلارنىڭ تولىسى تەشۋىشلەندى، چۈنكى ئۇ تۈرمىنىڭ سىرتىكى ئالاقىچىلارنىڭ بىرى ئىدى.
لېكىن سوراقلاردا مارىيە بىر ئېغىزمۇ سوز ئېيتمىدى.
ئۇنى ئۇرۇشمىدى، چۈنكى ئۇ شۇنچىلىك هالسىز ئىدىكى، ئەگەر تاياق تەگسە، شۇ زامان ئولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن ئۇلار تاياقتىنمۇ يامان قىيناش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشقان.
ئۇنى قاماقتا ئېلىشتىن بىرنەچچە كۇن بۇرۇن پىپونى پول-شىغا مەجبۇرى ئىشقا هەيدەپ كەتكەندە، سوراق ۋاقتىدا، ئۇلار مارىيىگە مۇنداق دېيىشكەن:
— بىلەمسىز، ئۇ يەردە تۈرمۇش كەچۈرۈش بەك ئېغىر، هەتتا سالامەت كىشىلەر ئۇچۇنمۇ ئېغىر، سىزنىڭ ئېرىڭىز بولسا ئاقساق. ئېرىڭىز ئۇ يەردىكى ئېغىرچىلىقنى كوتىرەلمەيدۇ. ئۇ بىرەر يەردە ئولۇپ كېتىدۇ، سىز ئۇنى كورەلمەي قالىسىز. ئەمدى بۇ يېشىڭىزغا كەلگىنىڭىزدە، ئۇنىڭدىن باشقىنى تاپالماي-دىغىنىڭىز ئوزىڭىزگە مەلۇمدۇ؟ ئۇنىڭدىن كورە راستىڭىزغا كېلىڭ، بىلىدىغىنىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ، ئۇ چاغدا بىز ئۇنى دەرهال قايتۇرۇپ ئېپكېلىپ بېرىمىز.
ئۇ نەلەرگە هەيدەپ كېتىلگەندۇ، بىچارە پىپو! قانداق ئولۇم بىلەن ئولىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ سىڭلىمنى ئولتۇرۇشتى،

ئىرىمنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى، يالغۇزدىن ـ يالغۇز قالىدىغان بولدۇم. توغرا، مۇشۇ يېشىمغا يەتكىنىمدە، ئەمدى كىمنى ياپارمەن؟...... ئەمدى ئۆلگىچە يالغۇز ئۆزەم ياشايمەن...... ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىمغا بولاتتىمغۇ، ئۇنى ئۆزەمگە قايتۇرۇپ بېرەتتى...... لېكىن ئۇنىڭ خۇنىغا نۇرغۇن جاننى بېرىش كېرەكقۇ؟ ياق، ئۇ ۋاقىتتا مەنمۇ بۇرۇنقى مارىيە بولالمايمەن ـ دە. ئۇمۇ مەن ئۈچۈن "كىچىك ئاتا" بولماي قالدۇ.

مارىيە ھېچ نەرسىنى ئېيتمىدى، قاياققىدۇ ھەيدەلگەن سانسىز مەھبۇسلار ئارىسىدا يوقىلىپ كەتتى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا، پېپونىڭ پولشىدا ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر كېلىپ يەتتى.

## لىدا

مەن بىر ئاخشىمى باكىسلارنىڭكىگە بىرىنچى قېتىم بارغان ئىدىم، ئۇنىڭ ئۆيىدە لۇشكا بىلەن ئۆتكۈر كوزلۇك لىدا دېگەن بىر قىزلا ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ قىز كوزگە تېخى كىچىك كورۇنەتتى. ئۇ مېنىڭ ساقاللىرىمغا تازىمۇ قىزىقىپ، خۇددى ئوز ئويىگە كوكۇللۇك پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغۇدەك يات بىر مېھمانىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىدىن رازى بولغاندەك، ماڭا كوزلىرىنى تىكىپ قارىدى.

بىز چاپسانلا دوست بولۇپ كەتتۇق. گەپتىن ـ گەپ چىقىپ سۆرۈشتۈرگىنىمدە، بۇ قىزنىڭ ئون توققۇز ياشلارغا كېلىپ قالغان-

لىغى، بۇ قىز لۇشكىنىڭ ئوگەي سىڭلىسى بولۇپ، ئۇنىڭ پەملىسى ئوزىگە زادى لايىق بولمىغان پىلاخا① دىگەن پەملە ئىكەنلىگى ۋە ئۇنىڭ ھەمىشە ئىش سىرتى تىياتىر ئومىگىدە ئويۇن ئويناپ چىقىدىغانلىغى، سەھنە تۇرمۇشىغا بەكمۇ قىزىقىدىغانلىغى ئېنىقلاندى.

مەن ئۇنىڭغا ئىشەنچلىك سىرداش بولۇپ قالدىم. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، ئوزەمنىڭ ئۇنىڭغا ياشىنىپ قالغان ئادەمدەك تۇيۇلۇۋاتقانلىغىمنى سەزدىم. ئۇ ماڭا ئوزىگە ئوخشاش ياشلارنىڭ مۇڭلىرىنى ۋە ئارزۇلىرىنى سوزلەپ بېرىدىغان بولدى، ھەدىسى ۋە ھەدىسىنىڭ ئېرى بىلەن سوز تالىشىپ قالسا، بىزنى سوراپ قويۇڭ دەپ ماڭا كېلىدىغان بولدى. ئۇ بىرمۇنچە ياش قىزلاردەك جىگەرلىك ئىدى، شۇنداقلا ياش بالىلاردەك ئەركە ئىدى.

بىكىنگەن ھالدا يېرىم يىل ئويدە يوشۇرۇنۇپ ياتقاندىن كېيىن، بىرىنچى قېتىم تالا-تۇزنى ئايلىنىپ كىرىشكە چىققىنىمدا، لىدا ماڭا ھەمرا بولۇپ چىقتى. يېشى خېلىغا بېرىپ قالغان بىر ئاقساق بوۋاي ئوز قىزى بىلەن بىرلىكتە تالا-تۇزنى ئايلىنىپ يۇرگەندە، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئوزى يالغۇز يۇرگەن ۋاقتىدىكىدەك دىققەت قىلمايدىغانلىغى تۇرغان گەپ، چۇنكى يولۇچىلارنىڭ كوزى كوپىنچە ئۇنىڭ ئوزىگە چۈشمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ قىزىغا چۈشىدۇ. شۇڭا، لىدا مېنىڭ ئىككىنچى قېتىم

---

① پىلاخا — چېخ تىلىدا "قورقۇنچاق"، "تارتىنچاق" دىگەن سوز.

تالاغا چىقىشىمدىمۇ بىللە بولدى، ئاندىن كېيىن بىرىنچى مەخپىي ئۇچرىشىشقا، كېيىن مەخپىي ئالاقىلىشىدىغان جايغىمۇ بىللە باردى. مانا شۇنداق قىلىپ ــ خۇددى ئەيىپنامىدە يېزىلغىنىدەك، ئاستا- ئاستا ئۇ مېنىڭ ئالاقىچىم بولۇپ قالدى.

لىدا بۇنداق ئىشنى ياخشى كورەتتى. ئەمما ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە پايدىسىنى سۇرۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايتتى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا يېڭى ۋە ناھايىتى قىزىق، كورگەنلا كىشى ئورۇنلىيالماي- دىغان قىزىق ھادىسىلەردەك كورۇنەتتى. مانا شۇنىڭ ئۇزىمۇ ئۇنىڭغا كوپايە ئىدى.

مەن ئۇنىڭغا ئۇششاق ـ چۇششەك ئىشلارنىلا تاپشۇراتتىم، ئۇنىڭغا كوپ نەرسىنى ئېيتىشنى خالىمىدىم. ئەگەر ئۇ قامىلىپ قالسا، ئۇنىڭغا ئۇز "گۇنا"يىنى بىلگىنىگە قارىغاندا، ھېچ نەرسىنى بىلمىگەنلىگى ئوبدانراق ھىمايە بولار ئىدى.

ئەمما لىدا بارغانسېرى بۇ ئىش بىلەن تونۇشۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا يېلىنىكلارنىڭكىگە بېرىپ، بەزىسىبىر ئۇششاق- چۇششەك خەۋەرلەرنى يەتكۇزۇپ قويۇپ كېلىشكە قارىغاندا، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمراق تاپشۇرۇقلارنىمۇ بېرىش مۇمكىن بولۇپ قالدى. بىزنىڭ نىمە ئۇچۇن ئىشلەۋاتقانلىغىمىزنى بىلىشكە تېگىشلىك ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭلاشقا، مەنمۇ ئۇنىڭغا دەرس ئوتۇشكە باشلىدىم. بۇ دەرس ئۇنىڭ ئۇچۇن ھەقىقە- تەن پۇتۇنلەي مۇنتىزىم دەرس ئىدى. لىدا كوڭۇل قويۇپ، ئىشتىياقى بىلەن ئوقۇدى. ئۇ كورۇنۇشتە بۇرۇنقىدەكلا

خۇش خۇي، يېنىك، ھەتتا ئازراق شوخ قىزغا ئوخشاش كۆرۈنگەن بىلەن، ھەقىقەتتە، ئۆزگەرگەن ئىدى. ئۇ ئويلامچان بولۇپ، ئۆزگىرىپ باراتتى.

خىزمەت ئۈستىدە ئۇ مىرىك بىلەن تونۇشتى. مىرىك بىر قىسىم ئىشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىگەن ئىدى، ئەمما ئۇ ئۆزىنى ماختاپ ئۇچۇرۇشنى بىلەتتى. لىدانى ئۆزىگە جەلپ قىلغان نەرسىمۇ شۇ بولدى. شۇڭلاشقا ئۇ مىرىكنىڭ ماھىيىتىنى بايقىيالماي قالدى، مەنمۇ ئۇنى بايقىيالمىغانىدىم. ئاساسەن مىرىكنىڭ ئوتەۋاتقان خىزمىتى ۋە ئۇنىڭ كۆرۈنۈشتىكى ئېتىقادى لىدانى ئۇنىڭ بىلەن باشقا ياشلارغا قارىغاندا تېخىمۇ يېقىن قىلىپ قويدى.

ئىشقا بولغان سادىقلىق لىدانىڭ يۈرىكىدە تېزدىن ئۇسۇشكە ۋە يىلتىز تارتىشقا باشلىدى.

42 - يىلنىڭ بېشىدا، ئۇ ئانچىلا پېتىنالماي، دۇدۇقلاپ، پارتىيىگە كىرىش توغرىسىدا سوز ئاچتى. ئۇنى مەن زادىلا مۇنداق تارتىنچاق كۆرۈنۈشتە كورمىگەن ئىدىم. لىدا مۇشۇ كۈنگىچە ھېچقانداق ئىشقا مۇنداق جىددى قارىمىغان ئىدى. مەن تېخىچىلا بىرقارارغا كېلەلمەي، ئۇنى يەنىمۇ تەربىيىلەش ۋە سىناش بىلەن بولغان ئىدىم.

1942 - يىلى 2 - ئايدا ئۇ مەركىزىي كومىتېت تەرىپىدىن پارتىيىگە ئېلىندى. بىز قاتتىق سوغاق بولغان بىر كېچىدە، بىرلىكتە ئويگە قايتقان ئىدۇق. ئادەتتە پاراڭچى لىدا بۈگۈن

گەپمۇ قىلمايتتى. ئۇيگە يېقىن بىر ئۇچۇقچىلىقتا يېقىن كەلگەنـ
دە، ئۇ دەرھال توختىدى ـ دە، ئاستا، تازىمۇ ئاستا، ھەتتا
قارنىڭ يەرگە چۈشكىنى ئاڭلانغۇدەك قىلىپ مۇنداق دېدى:

ـــ بۇنىڭ مېنىڭ ئۇمرۇمدە ئەڭ مۇھىم كۈن بولغانلىقىنى
مەن بىلىمەن. مەن ئەمدى پارتىيىگە مەنسۇپ ئادەممەن.
ھەرقانداق ئېغىر ئەھۋال بولغاندىمۇ، ھەرگىز ۋىجدانىمنى
ساتمايمەن.

نۇرغۇن ۋەقەلەر ئۆتتى. دېگەندەك، لىدا ۋىجدانىنى
ساقلىدى.

ئۇ مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى ئۆتتۈرىسىدىكى ئالاقىنى
باغلاپ تۇرىدىغان ئەڭ سادىق ئالاقىچى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا
ئۈزۈلۈپ قالغان ئالاقىنى باغلاش ۋە خەۋپ ئىچىدە قالغان
يولداشلارنى قۇتۇلدۇرۇشتەك ئەڭ خەتەرلىك ۋەزىپىلەر تاپشۇـ
رۇلاتتى. ناۋادا ئۇچرىشىش توغرىسىدىن ـ توغرا خەۋپ ئاستىدا
قالغان تەقدىردە، لىدا ئۇ يەرگە دەرھال ئۇچقاندەك يېتەتـ
تىدى ـ دە، ھەرقانداق يەرگە ئەپچىللىك بىلەن كىرىپ كېتەتتى.
بۇ ئىشنى ئۇ ئىلگىركىدەكلا ئىشەنچلىك، غەمسىز، خۇشاللىق
بىلەن ئورۇنلايتتى ـــ لېكىن يۈرىگىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا تەۋرەنـ
مەس مەسئۇلىيەتچانلىق ھىسلىرى ئۇرغۇيتتى.

ئۇنى بىزدىن بىر ئاي كېيىن قامىدى. مىرىك ھەممىگە
ئىقرار بولغاندىن كېيىن، مەخپىي ساقچىلار لىداغا دىققەت
قىلىدۇ، كوپ كېچىكمەيلا ئۇلار ئۇنىڭ ئىز ھەدىسى ۋە ھەدىـ

سىنىڭ ئېرىنىڭ يوتىكىلىشىگە ۋە يوشۇرۇن ئىشلەشكە ئۇتتۇشىگە ياردەم بەرگىنىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىۋالىدۇ. لىدا بىشىنى چايقايدۇ، ئاچچىقلىنىدۇ، يول قويۇلمايدىغان بۇ ئىشلارنى ۋە بۇ ئىشلارنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمايدىغان يىپىنىڭ مىجەز، شاللاق قىزنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالىدۇ.

لىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلەتتى، لېكىن ھېچ نەرسىنى ئېيتمىدى. ئۇنى ئاز دەپ، تۈرمىدىمۇ ئىشىنى توختاتمىدى. شارائىت ئۆزگەردى، ئىش ئۇسۇلى ئۆزگەردى، ھەتتا ۋەزىپىلەرمۇ ئۆزگەردى. ئەمما ئۇنىڭ پارتىيە ئەزاسلىق مەجبۇرىيىتى ئۆزگەرمىدى — ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ بوي ئەگمەسلىك ئىرادىسى ئۆزگەرمىدى. ئۇ بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى جان پىدالىق بىلەن چاپسان ۋە توغرا ئورۇنلاپ تۇردى. ئەگەر سىرتتىكى يولداشلارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بىرەر كىشىنى ئەۋەتىشكە توغرا كېلىپ قالسا، لىدا ھېچ نەرسىنى بىلمىگەن كىشى بولۇپ، مەلۇم "جىنايەت"نى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. ئۇ پانكراتس تۈرمىسىدە قارا خىزمەتچى بولۇپ قالدى. قىلچە تونۇش بولمىغان ئون - ئونلىغان كىشىلەر قاماقتىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن لىدادىن مىننەتتار. بىرەر يىلدىن كېيىن، تۈرمە جىسەكچىلىرىدىنىڭ ئۇنىڭدىن تېپىۋالغان بىر پارچە خەت ئۇنى بۇ "كەسپ"تىن ئايرىدى.

ئەمدى لىدا بىز بىلەن گېرمانىيىگە سوراققا بارىدۇ. بىزنىڭ

ئىچىمىزدە ئازاتلىق كۆنلىرىنى كورۈشكە ئۈمىت بار بىردىن_بىر ئادەممۇ شۇ ئىدى. ئۇ تېخى ياش. ئەگەر بىز ئۆلۈپ كەتسەك، ئۇنى ھەرگىز سەپتىن چۈشۈرۈپ قويماڭلار. ئۇ ھىلىمۇ كوپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىشى كېرەك. ئۇنى ئوقۇتۇڭلار، ئۇنىڭ ئالغا باسماي، بىر ئىزدا توختاپ قېلىشىغا يول قويماڭلار. ئۇنىڭغا ئالغا بېسىش يولىنى كورستىپ بېرىڭلار، ئۇنىڭ مەغرۇرلىنىپ كېتىشىگە ياكى قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى بىلەن قانائەتلىنىپ قېلىشىغا يول قويماڭلار. ئۇ ئەڭ ئېغىر ۋاقىتلارنىڭ سىناقلىرىدىن ئوتتى. يالقۇنلۇق ئوت ئىچىدە تاۋلاندى، ئوزىنىڭ ئەلا مېتاللىدىن پۈتكەنلىكىنى كورسەتتى.

## مېنى باشقۇرغۇچى ساقچى

ئۇ ھەيكەللەر قاتارىغا كىرمەيدۇ. ئۇ بىر ياغاچ قونچاق، قىزىققۇدەك، مۇھىمراق قونچاق.

بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى ئۇزۇم كوچىسىدىكى "فلۇرا"① كوفىخانىسىدا ئولتۇرغىنىڭىزدا، قولىڭىزغا تەڭگە ئېلىپ، شىرەنى تاقىلدىتىپ: "ئۇستام، پۇلىڭىزنى ئېلىڭ!" دەپ چاقىرسىڭىز، يېنىڭىزدا بىردىنلا قارا كىيىملىك، قاتاڭغۇر، سوزامىپاي بىر ئادەم ھازىر بولاتتى، خۇددى سۇ قوڭغۇزىدەك،

---

① رىم چوچەكلىرىدە ئېيتىلىدىغان گۇل تەڭرىسى.

شىرەلەر بىلەن ئورۇندۇقلار ئارىسىدىن ئۇنىسىز غىپىلداپ ئۆتۈپ يۈرۈپ، كۆزىڭىزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە ھېساۋىنى تەييارلاپ، قەغىزىنى قولىڭىزغا تۇتقۇزۇپ قوياتتى. ئۇنىڭ بارلىق ھەركەتـ لىرى يىرتقۇچ ھايۋانىنىڭكىدەك چاپسان ۋە ئەپچىل ئىدى، كۆزـ لىرىمۇ يىرتقۇچلارنىڭ كۆزلىرىدەك ئۆتكۈر بولۇپ، ھەممىنى كۆرۈپ تۇراتتى. سىز خالايدىغىنىڭىزنى دىيەـ دىمەيلا، ئۇ ئاشخانا خىزمەتچىلىرىگە: "ئۇچىنچى شىرەگە بىر چىنە سۈتلۈك چاي"، "ئوڭ ياقتا، دەرىزە ئالدىدىكى شىرەگە بىر تەخسە شېكەر توقاچ بىلەن بىر نۇسخا «مىللىي خەۋەرلەر»" دەپ بۇيرۇپ تۇراتتى. مېھمانلار ئۇنى ياخشى ئۇستام دەپ ھېساپلايتتى، ئاشخانا خىزمەتچىلىرى بولسا ماقۇل يىگىت دەپ سانىشاتتى.

ئۇ ۋاقىتتا مەن ئۇنى تېخى دىگەندەك بىلمەيتتىم. لېكىن ئۇنىڭدىن خېلى كېيىن يېلىنىكلارنىڭ ئۆيىدە تازا ئوبدان تونۇشتۇق. بۇ چاغدا ئۇ قولىغا قېرىنداش ئورنىغا تاپانچا تۇتقان ھالدا مېنى كۆرسىتىپ:

ـــ...... باشقىلاردىن كۆرە مېنى مۇشۇ ئادەم تولاراق قىزىقتۇرىدۇ، ـــ دىدى.

راستىنى ئېيتقاندا، كېيىن ھەر ئىككىمىز بىر بىرىمىزگە قىزىقىپ قالدۇق.

ئۇ تۇغما چېچەن ئىدى ۋە باشقا ساقچىلاردىن تۈرلۈك كىشىـ لەرنى ئاجرىتىشقا ئۇستا ئىكەنلىگى بىلەن ئاجرىلىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ جىنايى ئىشلار ساقچىسىدا ئىشلىسە، سوزسىز مەرتىۋىـ

سى ئاشقان بولار ئىدى. ئوغرىلار، قاتىللار، جەمىيەت داشقال-
لىرى ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن ئۆز مەسىلىسىنى
تاپشۇراتتى، چۈنكى بۇنداق ئادەملەر ئۆز جېنىغا ھەممىدىن
بەكرەك ئاغرىنىدۇ. بىراق بۇنداق ئۆز جېنىنىڭلا غېمىنى يەيدى-
غان ئادەملەردىن سىياسى ساقچىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغان-
لىرى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. ساقچىنىڭ قۇۋۇلۇغى قولغا ئېلىنغۇچى-
نىڭ قۇۋۇلۇقا قارشى ھەركەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈنلا
ئەمەس، بەلكى بۇنىڭدىنمۇ زورراق كۈچكە: ئۇنىڭ ئېتىقادى،
ئۇنىڭ ئۆزى مەنسۇپ بولغان كوللىكتىپنىڭ ئەقىل-پاراستىگە
تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق كۈچكە قۇۋۇلۇق
ئەمەس، ھەتتا ئۇرۇش-دۇمبالاشمۇ كار قىلمايدۇ.

بارلىق باشقا ساقچىلاردا بولمىغانغا ئوخشاش، "مېنى باشقۇر-
غۇچى ساقچى"دىمۇ مۇستەھكەم مەسىلەك يوق ئىدى. ناگاندا
بىرەرسىدە بىرەر مەسلەك بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئادەمنىڭ
ئەقلىدىن، ئىدىيىۋى تەربىيىلىنىشى ۋە بىلىمىدىن كەلگەن
ئەمەس، بەلكى ھاماقەتلىكتىن كەلگەن مەسىلەك ئىدى. ئەگەر
ئومۇمەن ئالغاندا، پراگا مەخپى ساقچىسى ھەر ھالدا مۇۋەپپەقى-
يەتلىك ھەركەت قىلىۋاتىدۇ دېيىلسە، ئۇنىڭ سەۋەبى پەقەت
بىزنىڭ كۈرەشمىزنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ھەم
تار ۋە قىستىلاڭ بىر دائىرىدە بولۇۋاتقانلىقىدىندۇر، شۇڭا بۇ
كۈرەش ھەرقانداق ۋاقىتتىكى يەر ئاستى كۈرەشىدىنمۇ قىيىنغا
چۈشىدۇ. روسىيە بولشېۋىكلىرى: يەر ئاستى كۈرەشنىڭ ئىككى

يىللىق سىنىغىدىن ئوتەلىگەن كىشى ياخشى بىر يەر ئاستى خىزمەتچىسى بولۇپ قالىدۇ دىگەن ئىدى. روسىيىدە، ئەگەر ئۇرۇش ئوتى موسكۋاغا تۇتىشىپ كەتسە، ئۇلار پېتىربۇرگقا ياكى پېتىربۇرگدىن يەنە ئودېسساغا كوچۇپ كېتەلەيدۇ، ھېچكىم تونۇ-مايدىغان، نەچچە مىليون ئاھالىلىك چوڭ شەھەرلەرگە سىڭىپ كېتەلەيدۇ. ئەمما بۇ يەردىچۇ، بىرلا پراگا، پراگادىن باشقا پراگا يوق، شەھەردە ئاھالىنىڭ تەڭدىن تولىسى سىنى تونۇيدۇ، دۇشمەن سىنىڭ ئەتراپىڭغا سانسىز جاسۇسلارنى توپلىشى مۇمكىن. شۇنىڭغا قارىماي، بىز قانچە يىللار مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەپ كەلدۇق، ھازىر بەش يىلدىن بۇيان يەر ئاستى خىزمىتىنى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان يولداشلىرىمىزمۇ بار، ئۇلارنى مەخپى ساقچى قولىغا چۈشۈرەلىگىنى يوق. بۇ بولسىمۇ بىزنىڭ كوپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ، تەجرىبىلىك بولۇۋېلىشىمىزدىن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەن قانچە كۈچلۈك ۋە زالىم بولسىمۇ، ئادەم قىرىشتىن باشقا ھېچقانداق ئۇسۇلنى بىلمەيدۇ.

II—A 1 بولۇمدە بولۇپمۇ ئۈچ كىشى كوممۇنىزىم ئىشىنى ئەڭ دەھشەتلىك تۈردە خاراپ قىلغۇچىلار بولۇپ تونۇلغان ئىدى. ئۇلار ئۇرۇشتا ئىچكى دۈشمەنگە قارشى بەكمۇ باتۇرلۇق كور-سەتكەنلىگى ئۈچۈن قارا-ئاق-قىزىل لېنتا تاقاپ يۈرىشىدۇ. بۇلار — فرىدرىخ، زاندىر ۋە "مېنىڭ ساقچىم" يوزېف بىملار. گىتلېرنىڭ دولەت سوتسىيالىزىمى توغرىسىدا ئۇلار ناھايىتى ئاز سوزلەيدۇ ۋە ئوزلىرىمۇ بۇ ھەقتە ناھايىتى ئاز بىلىدۇ. ئۇلار

سىياسى مەسلەك ئۇچۇن كۈرەشۋاتقىنى يوق، پەقەت ئۇزلىرى ئۇچۇنلا كۈرەشىدۇ، شۇڭا ھەرقايسىسى ئۇز بىلگەنچە كۈرەشىدۇ.
زاندىر ـ دائىم تورۇقلاپ گەپ قىلىدىغان پاكىنەك بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ساقچىلىق ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىشنى باشقىلاردىن ئوبدانراق بىلسە كېرەك، لېكىن پۇل ـ مالغا بەك ئامراق ئىدى. بىر ۋاقىتتا ئۇنى پراگادىن بېرلىنغا يوتكىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، بىرنەچچە ئايدىن كېيىن يەنە ئىلگىرىكى ئورنىغا كېلىۋېلىشقا رۇخسەت ئالدى. ئۇچىنچى ئىمپېرىيىنىڭ پايىتەختىدە خىزمەت قىلىش ئۇنىڭغا دەرىجىسىدىن تۆۋەنلىگەندەك، ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيان تارتقاندەك سېزىلەتتى. جاھالەتلىك ئافرىقىدا ياكى پراگاغا ئوخشاش مۇستەملىكىدە ئىشلىسە، ھوكۇم يۈرگۈزىدىغان چوڭ ئەمەلدار بولالايتتى، قاپچۇغىنى توشقۇزۇشقىمۇ ئىمكانىيەت چوڭ ئىدى. زاندىر تىرىشقاق ئادەم بولغاچقا، ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىش ئۇچۇن، پات ـ پاتلا چۇشلۇك تاماق ۋاقىتلىرىدىمۇ سوراق يۈرگۈزەتتى. بۇ ئىنتىلىش ئۇنىڭ پۇلغا بولغان ئىنتىلىشىنى يوشۇرۇش ئۇچۇن كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ قولىغا چۈشكەن ئادەمنىڭ ھالىغا ۋاي ئىدى، ئەگەر ئۇيىدە ئامانەت كاسىسىغا پۇل قويغان دەپتىرى ياكى چېكى بولغان كىشىنىڭ شورى ئۇنىڭكىدىنمۇ يامانراق قايىنايتتى. بۇ ئادەم تېز ۋاقىت ئىچىدىلا ئۇنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتەتتى، چۈنكى ئامانەت پۇل دەپتىرى ياكى قىممەتلىك چەكلەر زاندىرنىڭ جېنى ئىدى. بۇ جەھەتتىن ئۇ ساقچىلار ئىچىدە

ئەڭ قابىلىيەتلىك دەپ سانىلاتتى (ئۇنىڭ چېخ ياردەمچىسى — تەرجىمانى سمۇلا ئۇنىڭغا قارىغاندا مەدىنى بولاكچى ئىدى، چۈنكى ئۇ پۈلىنى بۇلىۋالغانلارنىڭ جېنىغا قەست قىلمايتتى، بۇلارنىڭ ئايرىمىسىمۇ شۇنىڭدا).

فرىدرىخ سوزامپاي، قاتاڭغۇر، بوغداي ئوڭلۇك، قاپىغىدىن قار يېغىپ تۇرىدىغان، ئەپتى زەھەرلىك شەخس ئىدى. ئۇ چېخوسلوۋاكىيىگە 1937 ـ يىلىلا مەخپى ساقچىنىڭ ئاگېنتى سۈپىتىدە كېلىپ، بۇ يەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن نېمىس يولداشلارنى ئۇلتۇرگەن ئىدى. ئۇ ئادەملەرنىڭ ئۆلۈشىنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئۇچۇن گۇناسىز كىشى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئىشخانىسىنىڭ بوسۇغۇسىدىن ئاتلاپ كىرگەنلا ئادەم گۇنالىق. فرىدرىخ خوتۇنلارغا ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنىڭ قاماق لاگېرىدا ئۆلگەنلىكىنى ياكى ئۇلارنىڭ دارغا ئېسىلغانلىقىنى خەۋەر قىلىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. بەزىدە سوراق قىلىنىۋاتقان ئادەمگە تاتىمىسىدىن كويدۇرۇلگەن ئادەمنىڭ كۆلىنى سالىدىغان يەتتە قۇتىنى ئېلىپ كورسىتىپمۇ قوياتتى:

— مانا بۇ يەتتىسىنى مەن ئۆز قولۇم بىلەن ئولتۇرگەن. ئەمدى سەن سەككىزىنچىسى بولىسەن.

(ھازىر بۇ قۇتىلار سەككىز بولدى، چۈنكى ئۇ يان رىشكانى ئولتۇردى). فرىدرىخ كونا دېلولارنى ۋاراقلاشنى ياخشى كۆرەتتى، ئولتۇرۇلگەنلەرنىڭ نامىنى كورگەندە: ”تازىلانغان! تازىلانغان!“ دىگەن سورنى زوقلىنىپ تەكرارلاپ قوياتتى. ئۇ

ئادەملەرنى قىيناشنى، بولۇپمۇ ئاياللارنى قىيناشنى ياخشى كورەتتى.

ئۇ زىبۇ-زىننەتكە ئىشقىۋاز ئىدى — بۇ پەقەت ئۇنىڭ ساقچىلىق پائالىيىتىنىڭ قوشۇمچە مەزمۇنىلا ئىدى. ئەگەر سىزنىڭ جابدۇقلانغان چىرايلىق ئويىڭىز ياكى گەزلىمە ساتىدىغان دۇكىنىڭىز بولسا، بۇلار سىزنىڭ ئولۇمىڭىزنى چاپسانلىتىدۇ. ھەممە گەپ شۇ.

ئۇنىڭ چېخ ياردەمچىسى ئېرگىرنىڭ بويى ئۇنىڭ بويىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلەتتى. ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئايرىمىسى يوق ئىدى.

بىم مېنى باشقۇرغۇچى ساقچى ئىدى، ئۇ پۇلغىمۇ، ئولۇككىمۇ ئانچىلا ئىشقى يوق ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ قولىدا ئولگەن ئادەمنىڭ سانى زاندىر بىلەن فرىدرىخلارنىڭ قولىدا ئولگەن كىشىلەرنىڭ سانىدىن ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇ ھامان باشقىلاردىن ئۇستۇن تۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئۇ مەخپىي ساقچىدا ئۇزاقتىن بېرى ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئىلگىرى ئۇ بىرانچىلار① يوشۇرۇن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان "ناپولېون" ئاشخانىسىدا كۇتۇچى بولۇپ ئىشلىگەن، بىران گىتلېرگە نىمە توغرىسىدا دوكلات قىلمىغان بولسا، شۇنى

---

① بىران — چېخوسلوۋاكىيە ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى، فاشىستىك "مىللى بىرلىك پارتىيىسى"نىڭ باشلىقى. ميۇنخېن يىغىنىدىن كېيىن، چېخ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىنىڭ باش مىنىستىرى بولغان.

يەتكۈزۈپ تۇراتتى. لېكىن كىشىلەرنى تۇتۇش، كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش ـ ئۆلتۈرمەسلىك ھوقۇقىنى ئىگىلەپ تۇرۇش ھەم پۈتۈن ئائىلىلەرنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەشكە ئوخشاش ئىشلار بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ بولامدۇ؟

ئەمما ئۇ بىرمۇنچە كىشىنى ئوتقا تاشلاش بىلەنلا پۈخادىن چىقمايتتى، ئەگەر شۇنداق قىلماي تۇرۇپ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرالمايدىغان بولسا، ھەرقانداق ئەسكىلىكنى قىلىشتىن يانمايدۇ. خىرىستوراستەك① داڭ چىقىرىشنىڭ كويىغا چۈشكەن ئادەم ئۈچۈن ئادەمنىڭ جېنى قانچىلىك نەرسە ئىدى؟

ئۇ ئەڭ چوڭ جاسۇسلار تورىنى قۇردى. ئۇ بىر تالاي يۈگۈرۈك ئىتلارنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرىدىغان بىر ئوۋچى. ئۇ ئوۋ قىلىشقا قىزىقاتتى، شۇڭا پات ـ پاتلا ئوۋ قىلىپ تۇراتتى. سوراق قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ كوڭۇلسىز ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ھەممىدىن بەك قىزىقىدىغان ئىشى ئادەم تۇتۇش ئىدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىدا ئادەملەر تىك تۇرۇپ، ئۇنىڭ جورۇغىنى

---

① خىرىستوراس ــ كىچىك ئاسىيادا ئولتۇراقلاشقان بىر يىغۇس. ئۇ نام ـ ئاتاق چىقىرىش ئۈچۈن، مىلادىدىن 356 يىل بۇرۇن ئۆز يېزىسىدىكى ھەيۋەتلىك ئارتېمىس دېگەن ئاي تەڭرىسىنىڭ ۋە ئوۋچىلىق تەڭرىسىنىڭ بۇتخانىسىنى كويدۇرۇۋەتكەن. كېيىن كىشىلەر ھېچ نەرسىگە قارىماي، ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولى بىلەن ئۆز داڭقىنى چىقىرىشقا ئۇرۇنغان ئادەملەرنى خىرىستوراس دەپ ئاتايدىغان بولۇپ قالغان.

كۆتۈپ تۇرسا، بۇمۇ ئۆنىڭ ئۈچۈن شۇنداق كۆڭۈللۈك تاماشا ئىدى. بىر كۈنى پىراگادا ئىككى يۈزدىن ئوشۇق ئاپتوۋۇز، تىراللىبۇس ئىشچىلىرى، شوپۇرلىرى ۋە بېلەت ساتقۇچىلىرىنى قولغا ئېلىپ، قاتناشنى توختىتىپ، توشۇش ئىشلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئادەملەرنى تىرامۋاي ماڭىدىغان يول بىلەن ھەيدەپ ماڭدى. بۇ ئۆنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن زوقلىنارلىق ئىش ئىدى. كېيىن بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر يۈز ئەللىك كىشىنى بوشىتىپ، ئەمدى مېنى بۇ بىر يۈز ئەللىك كىشىنىڭ ئائىلىسىدە ”مېھرىۋان“ ئادەم ئىكەن دەيدۇ دەپ ماختانغان ئىدى.

بىر ھەممىشە چېتىلىشقان ئادىمى كۆپ، ئەمما ئانچە ئەھمىيىتى بولمىغان ۋەقەلەرنى بىر تەرەپ قىلاتتى. مەن ئۆنىڭ قولغا توساتتىن چۈشۈپ قالدىم، بۇ ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ قالدى.

— سىنىڭ ئىشىڭ مېنىڭ قولۇمدىكى ئەڭ چوڭ ئىش، — دەپ ماڭا ئۇچۇغىنى ئېيتتى ئۇ. ئۇ مېنىڭ ئىشىمنىڭ ئەڭ چوڭ ئىشلاردىن بولغانلىقى ئۈچۈن ماختىناتتى. ئېھتىمال، مۇشۇ ئەھۋالمۇ مېنىڭ ئۆمرۈمنى ئۇزارتىشقا سەۋەپ بولغاندۇر.

بىز بىر — بىرىمىزگە ھە دەپ يالغان ئېيتاتتۇق. لېكىن بۇ كۆزنى يۇمۇۋېلىپ ئېيتىۋەرگەن يالغانچىلىق ئەمەس ئىدى. ئۇ يالغان ئېيتسا، مەن ھەر زامان بىلىپ تۇراتتىم، لېكىن مېنىڭ ئېيتقان يالغىنىمنى پەقەت بەزىدىلا بايقاپ قالاتتى. ھەر ئىككىمىزنىڭ يالغىنى راسا ئوچۇق ئايان بولۇپ قالغاندىن

كېيىن، بىز ئۇنچىقماستىن، مەسلىھەتلەشكەندەك، باشقا مەسىلىگە كوچەتتۇق. مېنىڭ ئويلىشىمچە، ئۇنىڭغا پاكىتلارنى ئېنىقلاشتىن كورە، بۇ ”چوڭ ئەنزە“گە بىرەر چاتاق ئارىلىشىپ قالماسلىقى مۇھىمراق ئىدى.

ئۇ تاياق بىلەن زەنجىرنى سوراقنىڭ بىردىن-بىر ۋاستىسى دەپ ھېساپلىمايتتى. ئۇ يەنە ”ئۆزىنىڭ“ سوراق قىلىۋاتقان ئادىمىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، ئېزىقتۇرۇش ياكى قورقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا خۇشتار ئىدى. بىرىنچى كېچىسىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئۇ مېنى ھېچقاچان ئۇرغىنى يوق. بىراق، ئۇرۇشنى زورۇر تاپقاندا، مېنى باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئۇراتتى.

دېمىسىمۇ، ئۇ باشقا ساقچىلارغا قارىغاندا قىزىققۇدەك ۋە قۇۋ شەخس ئىدى. ئۇ تەسەۋۋۇرچان بولۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. بىز پات-پات ماشىنىغا ئولتۇرۇپ پرانىكقا① چىقاتتۇق ۋە يولدا كېتىۋېتىپ، تېتىقسىز سوزلىشەتتۇق. باغدىكى بىر تاماقخانىدا ئولتۇرۇپ، يېنىمىزدىن توختىماي ئوتۇپ تۇرغان كىشىلەر دولقۇنىغا قارايتتۇق.

—مانا سەن قاماقتا سەن،—دىدى بىر پەلسەپىچىلىك قىلىپ،—قېنى، قاراپ كورگىنا، بىرەر نەرسە ئۆزگىرىپتىمۇ؟ كىشىلەر خۇددى بۇرۇنقىدەك يۇرىدۇ، كۇلىشىدۇ، ئوز ھەركىتىنى قىلىپ يۇرىدۇ، بارلىقى ئوز يولى بىلەن كېتىپ بارىدۇ،

---

① پرانىك — پراگانىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى بىر رايونى.

www.uyghurkitap.com

خۇددى سەن دۇنياغا تورەلمىگەندەك، سېنىڭ يوقلۇغىڭمۇ ھېچ بىلىنمەيدۇ، بۇ ئۆتۈپ كېتىپ بارغانلارنىڭ ئىچىدە سېنىڭ ئەسەرلىرىڭنى ئوقۇغۇچىلارمۇ بار، — بۇلارنىڭ ئىچىدە تىكىلەردىن بىرەرسىنى ماڭا ئېچىنىپ، يۈزىگە قورۇق كىرىپتۇ دەپ ئېيتالامسەن؟

بىر كۈنى پۈتۈن بىر كۈن داۋام قىلغان سوراقتىن كېيىن، ئاخشىمى قاراڭغۇدا ئۇ مېنى ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، پۈتۈن پراگانى ئايلاندۇرۇپ، ئېرۇدا كوچىسى بىلەن گراتچانىغا ئېلىپ باردى:

— مەن سېنىڭ پراگانى ياخشى كۆرىدىغىنىڭنى بىلىمەن. ئۇنىڭغا قارىغىنا! نېمىشقا سېنىڭ بۇ شەھەرگە قايتقۇڭ كەلمەيدۇ؟ قانداق گۈزەل شەھەر بۇ! سەن ئۆلگەندىمۇ بۇ شەھەر شۇنداق گۈزەل بويىچە قېلىۋېرىدۇ.

ئۇ ۋەسۋەسىچىلىكتە ئۇستا ئىدى. باش كۈز پۇراقلىرىغا ئارىلاشقان ياز ئاخشىمى يېقىمدىن پىشىپ كېلىۋاتقان ئۈزۈمگە ئوخشاش كوكۇش تۇسقا ئورالغان پراگا خۇددى مۇسەللەستەك كەيىپ قىلاتتى؛ قاراپ تويمايسەن، قىيامەت كۈنىگىچە قارىغىڭ كېلىدۇ...... مەن ئۇنىڭ سوزىنى بولۇپ:

— سىلەر يوقالغاندا، بۇنىڭدىنمۇ گۈزەل بولۇپ كېتىدۇ، — دەپ جاۋاپ بەردىم.

ئۇ ئاچچىق قىلىپ ئەمەس، لېكىن قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا سوغاق كۈلۈپ دېدى:

— زامانغا باقمايدىغان ئادەم ئىكەنسەن.

كېيىن ئۇ شۇ ئاخشىمى بولغان سوزنى نەچچە قېتىم ئېسىگە ئېلىپ:

— بىز بۇ يەردىن يوقالغاندا..... دىمەك سەن بىزنىڭ يېڭىپ چىقىدىغانلىغىمىزغا تېخىچىلا ئىشەنمەيدىكەنسەن-دە، — دىگەن بولدى.

ئۇنىڭ بۇ سوئالىنى بېرىشى ئۇنىڭ ئۇزىنىڭمۇ يېڭىپ چىقىشقا ئىشەنمەيدىغانلىغىنى كورستەتتى. بىر كۇنى ئۇ مەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇدرىتى ۋە يېڭىلمەسلىگى توغرىسىدا سوزلەپ بەرگىنىمدە تازا دىققەت قىلىپ ئاڭلىدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا بۇ ئاخىرقى سوراقلارنىڭ بىرسى ئىدى.

— سىلەرنىڭ هەر بىر چېخ كوممۇنىستىنى ئولتۇرگىنىڭلار نېمىس خەلقىنىڭ كەلگۇسى ئۇمىتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى يوقاتقىنىڭلار بولىدۇ، — دىدىم مەن بىرقانچە قېتىم بىمغا، — چۇنكى كوممۇنىزىمنىڭ ئۇزىلا نېمىس خەلقىنى قۇتقۇزالايدۇ.

ئۇ قولىنى چايقىدى.

— ئەگەر بىز يېڭىلسەك، بىزنى هىچكىم قۇتقۇزالمايدۇ، — دىدى ئۇ يانچۇغىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ. — قارا، بۇ ئۇچ تال ئوقنى ئۇزەمگە ئېلىپ قويدۇم.

...... بۇ بۇ ياغاچ قونچاقنىڭلا تەسۋىرى ئەمەس، بەلكى جېنى تۇمشۇغىغا كېلىپ قالغان دەۋرنىڭ تەسۋىرى ئىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئاسما پوتا قىستۇرمىسى

ئۈدۈلىمىزدىكى كامىرىنىڭ ئىشىگىدە ئاسما پوتا ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇ ئەرلەر باغلايدىغان ئاددى ئاسما پوتا ئىدى. مەن بۇ نەرسىنى ئەزەلدىن ياخشى كورمەيمەن. مانا ئەمدى ھەر قېتىم ئىشىگىمىز ئېچىلغاندا بۇ نەرسىگە خوشاللىق بىلەن قارايدىغان بولدۇم؛ بۇ پوتىدا ئازراق ئۈمىت بار ئىدى.

تۈرمىگە قامالغىنىڭدىن كېيىن، كوپ كېچىكمەيلا سىنى چالا ئۆلۈك قىلىپ ئۇرىدۇ-دە، ئاندىن كېيىن ئېسىلىپ ئۆلۈۋالمىسۇن دەپ، ئالدى بىلەن گالستۇكۇڭنى، بەلۋېغىڭ ۋە ئاسما پوتىلىرىڭنى ئېلىۋالىدۇ (ئۆلمەن دىگەن ئادەمگە كىرلىكمۇ يارايدىغۇ). مەخپى ساقچىدىكى جازا تەكرىسى سىنى ئېغىر ئەمگەككە، قاماق لاگىرىغا ئەۋەتىشنى ياكى دارغا ئېسىشنى قارار قىلغۇنچە، ھىلىقى خەتەرلىك دىيىلىدىغان ئۆلۈم قوراللىرى تۈرمە ئىشخانىسىدا ساقلىنىدۇ. قارار چىققاندىن كېيىن، سىنى چاقىرىپ ئېپكېلىپ، بۇ نەرسىلەرنى ئۆزەڭگە خۇددى راستىن قايتۇرۇپ بەرگەندەك قايتۇرۇپ بېرىدۇ. لېكىن بۇ نەرسىلەرنى كامىرىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىشكە بولمايدۇ، ئىشىكىنىڭ يېنىغا ياكى ئىشىكىنىڭ ئۈدۈلىدىكى شالاسۇنغا ئارتىپ قويۇشۇڭ كېرەك. بۇ نەرسىلەر كامىرىدىكىلەردىن بىرەرسىنى يىراق سەپەرگە تەييارلاۋاتقانلىقىنى كورسىتىپ تۇرغان روشەن بەلگە بولۇپ،

سىنى ئەۋەتىۋەتكىچە شۇ يەردە تۇردۇ.

بۇ ئاسما پوتا ئۇدۇلىمىزدىكى ئىشىك بېشىغا نەق مەن گۈستىنانىڭ تەقدىرى توغرىسىدا خەۋەر ئالغان كۈنۈم پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇدۇلىمىزدىكى كامىردىكى بىر ئاغىنىمىزنىمۇ گۈستىنانى سالغان ماشىنىغا سېلىپ، ئېغىر ئەمگەككە ئېلىپ ماڭارمىش. ماشىنا تېخى ماڭمىدى، بىردىنلا، كېچىكتۈرۈپ ئېلىپ ماڭىدىغان بولۇپ قاپتۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئېغىر ئەمگەك قىلىدىغان يەرنى بومباردىمان قىلىۋېتىپتۇ. (بۇ يەنە بىر خۇش خەۋەر) بۇلارنىڭ قاچان ماڭىدىغانلىقى ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس. بەلكى بۈگۈن كەچقۇرۇن، بەلكى ئەتە، بەلكى بىر ھەپتىدىن ياكى ئىككى ھەپتىدىن كېيىن كېتەر. ئۇدۇلىمىزدىكى ئاسما پوتا تېخىچىلا ئېسىقلىق تۇرىدۇ. دېمەك، ئۇلار بۇ يەردە بولغانلىقتىن، گۈستىنانىڭ پراگادا ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ پوتىغا خۇش خۇي ۋە مۇھەببەت بىلەن، خۇددى گۈستىنانىڭ دوستلىرىغا قارىغاندەك قارايمەن. گۈستىنا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بىر، ئىككى، ئۈچ...... كۈن ئۆتتۈۋالدى. بۇنىڭ نىمە بېرەلەيدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ كېچىكىۋاتقان ھەر بىر كۈن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالماسمىكىن؟

بۇ يەردە ھەممىمىز شۇ ھالدا ياشايمىز. بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى، ھەتتا بىر يىل ئىلگىرى پەقەت ئەتىكى كۈنگە تەلمۈرگەن ئىدۇق، بۈگۈنمۇ ئەتىكى كۈننى ئويلايمىز، ئۈمىدىمىز ئەنە شۇنىڭدا. سىنىڭ تەقدىرىڭ بەلگىلەنسە، ئوگۈنلۈككە سىنى

www.uyghurkitap.com

دارغا ئاسىدۇ. — ئەمما لېكىن، ئەتە نېمە ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ! پەقەت ئەتىكى كۈنگە يەتسەك ئىدى، ئەتە ھەممىسى ئۆزگىرىپ كېتىش مۇمكىن، ئەتراپتىكى ھەممىسىلا تۇراقسىز، كىم بىلىدۇ، ئەتە نېمە بولىدۇ؟ ئەتىكى كۈنمۇ كېلىدۇ، ئەتە، يەنە ئەتىلەرمۇ كېلىدۇ، مىڭلىغان ئادەملەر ھالاك بولىدۇ، بۇ مىڭلىغان ئادەملەر ئۈچۈن ”ئەتە“ يوق، لېكىن تىرىك قالغانلارنىڭ ھەممىسى يەنە شۇ ئەتە دىگەن ئۈمىت بىلەن ياشايدۇ، ئەتە نېمە بولىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ.

بۇنداق كەيپىيات ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان مىش - مىش خەۋەرلەرنى تۇغدۇرىدۇ. ھەر ھەپتىدە ئۇرۇشنىڭ قاچان تۈگەيدىغانلىقىنى مولچەرلەيدىغان ئۈمىتلەر پەيدا بولىدۇ، ھەممىسىلا بۇ خىيالىي تەخمىنلەرنى زور خوشاللىق بىلەن تۇتۇۋالىدۇ، ئاندىن ئۇ ئېغىزدىن - ئېغىزغا يوتكىلىپ، تۈرمىدە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كېلىپ قالغۇدەك خەۋەر تارقايدۇ. بۇنداق خاھىش بىلەن كۆرەش قىلىش كېرەك، بۇنداق ئاساسسىز ئۈمىتلەرنى تاشلاش كېرەك، چۈنكى ئۇ كىشىنىڭ كۆرەش ئىرادىسىنى چېكىتمايدۇ، بەلكى ئۇنى بوشاشتۇرىدۇ. ئۈمىتۋارلىق يالغان بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەقىقەت بىلەن، غەلىبىگە بولغان تەۋرەنمەس ئىشەنچ بىلەن سۇغۇرۇلغان بولۇشى كېرەك - تە. چىن يۈرەكتە مۇنداق بىر ئۈمىت بولۇشى كېرەك: شۇنداق بىر كۈنگە، ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بىر كۈنگە ئېرىشەرمەن، ھايات - ماماتلىق پەيتنى سالامەت ئۆتكۈزۈپ، ھېچ كەچكۈم

كەلمەي تۇرغان هاياتلىقىقا ئېرىشەرمەن دىگەن ئۈمىت بولۇشى كېرەك.

كىشىنىڭ ئۆمرى بەكمۇ قىسقا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئۇنىڭ چاپسانراق ۋە يەنىمۇ چاپسانراق ئۆتۈشىنى تىلەيمىز. توختىتىۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئىلدام ئۆتۈۋاتقان، تۇتۇپ بولمايدىغان ۋە بىزنى توختىتالغۇسىز قېرىلىققا يېقىنلاشتۇرۇۋاتقان ۋاقىت — بىزنىڭ دوستىمىز بولۇپ بارماقتا. بۇ ئاجايىپ ئىش ئەمەسمۇ!

ئەتىكى كۈن تۈنۈگۈنكى كۈن بولۇپ قالىدۇ. ئۆگۈنلۈك بۈگۈنكى كۈن بولۇپ قالىدۇ-دە، ئۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئىشىك يېنىدىكى ئاسما پوتا تېخىچىلا ئېسىقلىق تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# ئالتىنچى باپ

## 1942 ـ يىلدىكى ھەربى ھالەت

1943 ـ يىل 27 ـ ماي.

بۈنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى مانا مۇنداق ۋەقەلەر بولغان ئىدى.

مېنى سوراقتىن كېيىن تۇۋەندىكى "كىنوخانا"غا ئېلىپ چۈشتى. "400 ـ"دە ھەر كۈنكى تەرتىپ مانا مۇنداق ئىدى: دەل چۈشتە تاماق يېيىش ئۈچۈن تۇۋەنگە ئېلىپ چۈشەتتى، مۇنداق ۋاقىتلاردا تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن يەنە تۇتىنچى قەۋەتتىكى "400 ـ"گە ئېلىپ چىقىشاتتى. ئەمما بۇ كۈنى يېنىپ يۇقۇرىغا چىقمىدۇق.

تاماق يەپ ئولتۇرىمىز. ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردا قىسىلىشىپ ئولتۇرغان مەھبۇسلار چىشلىرىغا تەگمەي، قوشۇقلىرى ئاغىزلىرىدا توختىماي، ھە دەپ ئالدىرىشىپ تاماق يېيىشەتتى. كورۇنۇشتە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكىدەك ئولتۇرۇشاتتى. ئەگەر تۇيۇقسىزلا ئەتىلىككە ئولۇشى چوقۇم بولغان كىشىلەر قۇرۇق سوگەككە ئايلىنىپ كەتسە، قوشۇقلارنىڭ ھېجىرلارنى

جاراڭلاتقان بۇ ئاۋازلىرى سۈيەكلەرنىڭ غۇچۇرلىشى بىلەن ئېغىزلارنىڭ قارسىلدىغان ئاۋازلىرىغا سىڭىپ، ئاڭلانماي قالار ئىدى. لېكىن ھېچكىم بۇ ئەھۋالنى ئالدىدىن سەزمەيدۇ. ھەممىسىلا ئۆز ئۆمرىنى يەنە بىرنەچچە ھەپتىگە، ئايىغا ۋە يىللارغا سوزۇش مەقسىدىلا تاماقنى ئىشتەي بىلەن يېيىشەتتى.

ھاۋا خېلى ئوبدانىدەك ئىدى. تۇيۇقسىزلا قاتتىق بوران چىقتى ـ دە، يەنە جىمىدى. ئەمما جىسەكچىلەرنىڭ يۈزلىرىگە قارىغاندا، بىرەر نەرسە بولغانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن تېخىمۇ روشەنرەك بەلگىلەر پەيدا بولدى: بىزنى چاقىرىپ، پانكراتىسقا قايتۇرۇش ئۈچۈن سەپكە تىزدى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن قايتۇرۇلىدىكەن. بۇ ھېچ بولۇپ باقمىغان ئىش ئىدى. ئويلاپ بېقىڭ، جاۋابىنى تاپالمىغان سانسىز سوئاللار بىلەن بېشىڭىز قاتقاندا، سىزنى سوراق قىلماي، يېرىم كۈن بوش قويسا، ـــ بۇ تاغدەك ئىلتىپات ئەمەسمۇ! بىزگە خۇددى شۇنداق تۇيۇلدى. لېكىن ئۇنداق بولۇپ چىقمىدى.

ئارىلىقتا بىز ئالباش جىياڭجۇنىنى① ئۇچراتتۇق. ئۇنىڭ كوزىدىن تەشۋىشتە قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى؛ ئۇ مېنى كورۇش بىلەن، ئەتراپىنى جىسەكچىلەرنىڭ ئوراپ تۇرۇشىغا

---

① ئالباش جىياڭجۇن ـــ 1939 ـ يىلى ناتسىستلار باشلىغى گەيدىرىخ چېخىيىنى سوراپ تۇرغاندا، ئۇ باش مىنىستىر ئىدى، 1941 ـ يىلى گەيدىرىخنىڭ بۇيرۇغى بىلەن قولغا ئېلىنغان.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قاردىماي، ئاستا پىچىرلاپ:

— ھەربى ھالەت بوپتۇ، — دىدى.

مەھبۇسلار ئەڭ مۇھىم خەۋەرلەرنى بىرنەچچە سېكۇنتنىڭ ئىچىدىلا تارقىتىشۋېتەتتى. ئالباش مېنىڭ نىمە ئىش دىگەنىمنىڭ قىلىپ سورىغان ئۇنىسىز سوئالىمغا جاۋاپ بېرىشكە ئۇلگۇرەلمىدى.

پانكراتىس تۈرمىسىدىكى جىسەكچىلەرمۇ بىرىنىڭ بالدۇر قايتىپ كەلگەنلىكىمىزگە ھەيران قىلىشتى. ماڭا مىنى كامىرىغا قايتۇرۇپ ئېپكېتىۋاتقان جىسەكچى باشقا جىسەكچىلەرگە قاردىغاندا ئىشەنچلىكىرەك تۇيۇلدى. مەن ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلمىسەمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئاڭلىغان خەۋىرىمنى ئېيتتىم. ئۇ ھەيران بولۇپ، بېشىنى ياق دىگەندەك قىلىپ چايقىدى. بەلكىم مەن خاتا ئىشىنىپ قالغاندىمەن، توغرا، بەلكىم شۇنداقتۇ. ئەمما بۇ مېنىڭ كوڭلۇمنى تېپچلاندۇردى.

كەچقۇرۇن شۇ جىسەكچى كېلىپ، كامىرىغا بېشىنى تىقىپ:

— راست ئېيتقان ئىكەنسىز. گەيدىرىخقا سۇيىقەست قىلىنغان. ئېغىر يارىلانغان. پراگادا ھەربى ھالەتتە، — دىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، بىزنى سوراققا ئېلىپ مېڭىش ئالدىدا تووۋەنكى قەۋەتتىكى ئارىلىققا چۈشۈرۈپ سەپكە تىزدى. بۈگۈن يولداش ۋىكتور سىنەكمۇ بىز بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ 1941 ـ يىلى فېۋرالدا قاماققا ئېلىنغان كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تىرىك قالغان ئەڭ ئاخىرقى ئەزاسى ئىدى. ئاچقۇچ تۇتىدىغان سوزامپاي ئېسئېسچى يوغان ھەرپلەر بىلەن:

دەپ يېزىلغان بىر ۋاراق قەغەزنى ①"Entlassungsbefehl" ئۇنىڭ كوزىگە تىقىپ تاراقلىتاتتى.

ئاچقۇچچى ھې ـ ھې قىلىپ كۇلۇپ:

ــ كوردۇڭمۇ، جوھۇت، مۇرادىڭغا يەتتىڭ. مانا بۇ سېنى قويۇپ بېرىش خېتى!...... تارس...... ۋەسسالام! ــ دەيتتى.

ئۇ ۋىكتورغا بېشىنى مۇنداق كېسىلدۇ دىگەندەك قىلىپ، قولى بىلەن بويىنىنى ئايلاندۇرۇپ كورسەتتى. 1940 ـ يىلقى ھەربى ھالەتتە ۋىكتورنىڭ ئاكىسى ئوتتو سىنەك ئەڭ بىرىنچى قېتىم ئولتۇرۇلگەن ئىدى. ئەمدى 1942 ـ يىلقى ھەربى ھالەتنىڭ بىرىنچى قۇربانى ئۇنىڭ ئىنىسى ۋىكتور سىنەك بولۇپ ئولتۇرۇلدۇ. ئۇنى مائۇتخا ئۇزىنىغا② ئېلىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايلىق گېپى بويىچە ئېيتقاندا، قورول قىلىنىدۇ.

پانكراتس تۇرمىسىدىن پىتچىك سارىيىغا بېرىپ ـ كېلىدىغان يول ئەمدى مىڭلىغان مەھبۇسلار ئۇچۇن پىلىسىرات كوۋرۇگى

---

① قويۇپ بېرىش قەغىزى (نېمىسچە).

② 1938 ـ يىلى نېمىس فاشىستلىرى ئاۋستىرىيىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، دۇناي دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى لىنتىس ئەتراپىغا جايلاشقان مائۇتخائۇزىنىدا غايەت زور بىر جازا لاگىرى قۇرغان. ناتسىستلار بۇ يەردىمۇ ئوسۇۋېتسىن، بېرىسىيك ۋە تىلەيـ بوسكا قاتارلىق جايلاردىكىگە ئوخشاش ئىنتايىن قەبىھ جىنايەتـ لەرنى ئوتكۇزگەن.

بولۇپ قالدى. مەھبۇسلار قاچىلانغان ماشىنىدىكى ئېسئېسچىلار ”گەيدرىخ ئۈچۈن ئۈچ ئالماقتا“. ماشىنا بىر كىلومېتىر بول ماڭمايلا، ئۇن نەچچە مەھبۇسنى مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇرۇپ، ئاغزى-بۇرنىنى قان قىلىۋەتتى. مېنىڭ بىلەن بىر ماشىنىدا ئولتۇرغان مەھبۇسلار زىيان تارتمايدۇ، چۈنكى مېنىڭ ئۇزۇن چاڭگا ساقاللىرىم ئېسئېسچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ، ئۇلار مېنىڭ ساقاللىرىمنى يۇلۇپ ئويناش بىلەن قىزىقىشىپ كېتىدۇ. چايقىلىپ كېتىپ بارغان ماشىنىنىڭ ئۈستىدە يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، بىرەر نەرسە تۇتۇۋېلىش ئورنىغا مېنىڭ ساقىلىمنى تۇتۇۋېلىش، ئۇلار ئۈچۈن زادى تېپىلمايدىغان بىر ئەرمەك بولۇپ قالغان ئىدى. مەن ئۈچۈن بولسا، بۇ سوراقتا جاۋاپ بېرىشنى ئۆگىنىدىغان ياخشى پۇرسەت بولدى. ھەر قېتىملىق سوراق ئومۇمى ۋەزىيەتكە قاراپ ئېلىپ بېرىلىدىغان-دەك كۆرۈنەتتى ۋە ھەر ۋاقىت:

— ئەگەر ئەتە ھوشۇڭغا كەلمىسەڭ ئېتىپ تاشلايمىز، — دېگەن ئۆزگەرمەس سۆز بىلەن ئاياقلىشاتتى.

بۇ سۆز مېنى زادىلا قورقۇتالمايدۇ. كەچمۇ كىرىدۇ، تۆۋەنكى قەۋەتتىكى ئارىلىقتا مەھبۇسلارنىڭ ئىسمىنى قىچقىرىپ، ۋاقىراۋاتقان ئاۋازلارنى ئاڭلايمەن. خوددى قوشخا-نىغا ئېلىپ ماڭىدىغان مالدەك، كىشەنلەنگەن ئەللىك، يۈز، ئىككى يۈز ئادەمنى ماشىنىغا بېسىپ، ئومۇمى قىرىش ئۈچۈن شەھەر چېتىگە ئېلىپ كېتىشىدۇ. بۇ ئادەملەرنىڭ گۇنايى نىمە؟

ئۇلاردا ھېچ گۇنا يوق. ئۇلار ھېچقانداق بىرەر چوڭ ۋەقەگە قاتناشمىغان بولسىمۇ قاماققا ئېلىنغان. ئۇلاردا سوراق قىلغۇدەك ھېچ ئىش يوق. بىراق، قولغا ئالغان ئىكەن، ئېتىپ تۈگەشمەكتىن باشقا يول يوق. بىر يولداش يېنىدىكى توققۇز ئاغىنىسىگە ئۇزىنىڭ ھەجۋى شېئىرىنى ئوقۇپ بەرگىنى ئۈچۈن، شۇ ئون كىشىنىڭ ھەممىسى گەيدىرىخقا سۇيىقەست قىلىنىشتىن ئىككى ئاي ئىلگىرى قاماققا ئېلىنغان ئىدى. ئەمدى ئۇلارنى سۇيىقەستلىك ھەركەتنى ماختىغان دەپ ئولتۇرىدۇ. بۇنىڭدىن يېرىم يىل ئىلگىرى بىر ئايالنى تەشۋىق ۋارىغى تارقاتتى دىگەن گۇمان بىلەن قاماققا ئالغان ئىدى. ئۇ ئايال ھېچ نەرسىگە ئىقرار بولمىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئايالنىڭ ئىگىچە-سىڭىللىرىنى، ئاكا-ئۇكىلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ۋە خوتۇنلىرىنى تۇتۇپ قىرماقتا. چۈنكى پۈتۈن جەددى-جەمەتى بىلەن تۇتاش قىرىش بۇ ھەربى ھالەتنىڭ شوئارلىرىدىن بىرسى ئىدى. ئۇقۇشىماسلىقتىن قاماققا ئېلىنىپ قالغان، پوچتىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك بىر خىزمەتچىسى ئۇزىنىڭ ھازىر بوشىتىلىشىنى كۈتۈپ، تامغا يولىنىپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ ئۇزىنىڭ پەملىسىنى چاقىرغانلىغىنى ئاڭلاپ، دەرھال ”مەن“ دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئۇنى ئولۇم مەيدانىغا ئېلىپ بارىدىغانلار توپىغا قوشۇپ، شەھەر چېتىگە ئېلىپ كېتىدۇ-دە، باشقىلارغا قوشۇپ ئېتىپ تاشلايدۇ. ھالبۇكى، ئېتىلىشقا تېگىشلىك ئادەم ئۇنىڭ بىلەن بىر پەملىدە بولۇپ، بۇنىڭ شۇنىڭ ئورنىغا ئېتىلغانلىغى ئەتىسىگە مەلۇم

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى ئېتىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئادەمنىمۇ ئېتىپ تاشلايدۇ-دە، ئىش تۈگەيدۇ. ئۆلتۈرۈلۈشكە تېگىشلىك ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىگىنى سوراشتۇرۇپ، ئاۋارە بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ بۇنى ھەققەتلەپ چىقىدىغان كىم بار؟ مەقسەت پۈتۈن بىر مىللەتنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىكەن، تەكشۈرۈپ تۇرۇشنىڭ نېمە كېرىگى بار؟

سوراقتىن ئاخشىمى كەچ قايتتىم. تۈۋەندىكى تامغا يۆلىنىپ ۋىلادىسلاۋ ۋانچۇر تۇرىدۇ، ئۇنىڭ يېنىدا كىيىم-كېچەكلىرى ئورالغان كىچىككىنە بوغچىسىمۇ تۇراتتى. بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىگىنى مەن ئوبدان بىلىمەن، ئۇمۇ بىلىدۇ. بىر بىرىمىزنىڭ قولىنى قىسىشتۇق. يۇقۇرى قەۋەتكە كۆتىرىلىپ، ئارىلىقتىن ئۇنىڭغا ئېگىشىپ قارىغىنىمدا، ئۇنىڭ بېشىنى سەل كۆتىرىپ، قاياققىدۇ يىراققا..... ھاياتتىن نېرى بىر ياققا قاراپ تۇرغانلىغىغا كۆزۈم چۈشتى. يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇنى چاقىردى.

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە شۇ تام تۈۋىگە مىلوش كراسنى پەيدا بولدى. بۇنى ئۆتكەن يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا قاماققا ئالغان. بۇ قەھرىمان ئىنقىلاپ جەڭچىسىنى غايەت كۆپ ئازاپلارمۇ، يالغۇز قاماقلارمۇ ئۇنى ئۆز پىكرىدىن قايتۇرالمىدى. ئۇ كەينىدىكى ھايداقچىلارنىڭ بىرسىگە بويىنىنى بۇراپ، ئالدىرىماي-تەمتىرىمەي بىر نەرسە دەۋاتاتتى. مېنى كۆرۈش بىلەن كۈلۈمسىرەپ، خۇشلىشىپ بېشىنى ئىغاڭلاتتى-دە، يەنە ھېلىقى ھايداقچىغا قىلىۋاتقان سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بۇ ئىشلار سىلەرگە كار قىلمايدۇ. بىزدىن يەنە كوپ ئادەم قۇربان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بەربىر ئۆزەڭلار مەغلۇپ بولىسىلەر.

يەنە چۈش مەزگىللىرىدىن بىرسى، بىز پىتچىك سارىيىدا تۇۋەندە چۈشلۈك تاماقنى كۈتۈپ تۇرىمىز، ئالباشىنى ئېلىپ كىرىشتى. ئۇنىڭ قولتۇغىدا گېزىتى بار، ئۇ كۈلۈمسىرەپ، گېزىتنى كىشىلەرگە كورسەتتى: سۇيىقەست ئۇيۇشتۇرغۇچىلار بىلەن ئۆزىنىڭ باغلىنىشى بارلىغى توغرىسىدا يېزىلغان ماقالىنى ئەمدىلا ئوقۇپتۇ.

— غىش يالغان! — دەپ قىسقىچە ئېيتتى ـ دە، تاماقنى كىرىشتى.

ئاخشىمى ئۇ باشقا بىرمۇنچە مەھبۇسلار بىلەن بىللە پانكراتس تۇرمىسىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ بۇ ئىشنى زاڭلىق قىلىپ سوزلەپ كەتتى. بىر سائەت ئوتە ـ ئوتمەيلا ئۇنى كامىردىن چاقىرىپ شەھەرنىڭ چېتىگە ئېلىپ كەتتى.

جەسەتلەر دوۋىلىنىۋەردى. ئەمدى ئۇلارنىڭ سانى ئۇنلاپ، يۈزلەپ ئەمەس، بەلكى مىڭلاپ سانالماقتا. ئىسسىق قانلارنىڭ پۇراقلىرى ئىككى ئاياقلىق ۋەھشىلەرنىڭ دىماقلىرىنى غىدىغ- لايدۇ. ئۇلار ئەتىگەندىن يېرىم كېچىگىچە "ئىشلىمەكتە"، ھەتتا يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ توختىماي "ئىشلەيدۇ". ئەمدى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېسئېسچى كىيىملىرىنى كىيىشكەن. چۈنكى بۇ ئۇلار- نىڭ بايرىمى، ئادەم قىرىش تەنتەنىسى. ئۇلار ئىشچىلارنى،

مۇئەللىملەرنى، دىخانىلارنى، يازغۇچىلارنى، خىزمەتچىلەرنى ئۆلۈمگە ئەۋەتمەكتە، ئەرلەرنى، ئاياللارنى، بالىلارنى قىرماقتا؛ پۈتۈنلەي ئائىلىلەرنى قىرىپ، پۈتكۈل يېزىنى① كۆيدۈرۈپ يوق قىلماقتا. قوغۇشۇندىن قۇيۇلغان ئەجەل خۇددى چۇما كېسىلىدەك پۈتكۈل ئەلنى ئايلىنىپ، ھېچكىمنى ئايىماي قىرماقتا.

بۇ دەھشەت ئوتتۇرىسىدا قالغان كىشىچۇ؟

ياشىماقتا.

ئەقىلگە ھېچ سىغمايدۇ. ئەمما كىشىلەر ياشاۋاتقان، يەۋاتقان، ئۇخلاۋاتقان، مۇھەببەتلىشىۋاتقان، ئىشلەۋاتقان ھەتتا ئۆلۈم بىلەن ھېچبىر باغلىنىشى يوق ھەددى-ھېسابسىز ئىشلار توغرىسىدا ئويلاۋاتقان. ئېھتىمال ئۇ يۈرىگىدە قانداقتۇ بىر ئېغىر تۇيغۇ ھېس قىلىدىغاندۇ، لېكىن ئۇ بۇ ئېغىرلىقتا بويى ئەگمەي، روھى چۈشمەي، ئۇنى كۆتۈپ تۇرىدىغاندۇ.

ھەربىي ھالەت مەزگىلىدە "مېنىڭ ساقچىم" مېنى يەنە برانىكقا ئېلىپ باردى. ئىيۇن ئېيىنىڭ چىرايلىق ئاخشىمى، لىپا دەرەخلىرى بىلەن ئېچىلغان ئاكاتسىيە چېچەكلىرىنىڭ خۇش پۇراقلىرى بىلەن تولغان ئىدى. يەكشەنبە كۈنى. بىر يېقى تىراموۋاينىڭ ئەڭ كېيىنكى توختايدىغان يېرىگىچە سوزۇلىدىغان

① چېخخرادنو شەھىرىنىڭ يېنىدىكى لىدزەي يېزىسىنى كۆرسىتىدۇ. نېمىس فاشىستلىرى گەيدرىخ ئۈچۈن "ئۆچ ئېلىش" باناسى بىلەن، مۇشۇ يېزىدىكى ئەرلەر ۋە ياشلارنى قىرىپ تۈگەتتىدۇ، ئاياللار بىلەن بالىلارنىڭ ھەممىسىنى قاماق لاگېرىغا ھەيدەيدۇ.

چوڭ تاشيول ئۇستىراھەتتىن شەھەرگە قايتىپ، ئالدىراپ كېتىۋاتقان خەلقلەر بىلەن لىق تولغان ئىدى. كۈن نۇرى، سۇ ھەم ئۆز مەشۇقلىرى قۇچىقىدا راھەتلىنىپ دەم ئېلىپ قايتقان خوشال-خورام كىشىلەر پاراڭلىشىپ كېتىپ بارماقتا ئىدى؛ بۇلارنىڭ سوڭىغا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھىلە-ھىلى، يېڭىدىن-يېڭى قۇربانلارنى ئىلغىۋېلىپ يۈرگەن ئۆلۈم بەلگىسىنى بۇلارنىڭ يۈزىدىن كورمىدىم. بۇلار خۇددى ئۆي توشقانلىرىدەك، شوخ بولۇپ، ئادەم ھەيران قالغۇدەك تىنماي ئوينىشاتتى، سەكرىشەتتى. خۇددى ئۆي توشقانلىرى! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسىنى تۇتۇۋېلىپ ھەيدىسە، قالغانلىرى ھورپىيىشىپ، غۇژمەك بولۇپ، بىر بۇلۇڭغا تىقىلىشىدۇ-دە، بىر مىنۇت ئوتمەيلا قارىساڭ، يەنە قوزغىلىشىپ، ئۆز تۇرمۇشىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقانلىقىنى ھەم يەنە كۆلۈشۈۋاتقانلىقىنى كورىسەن.

ئىگىز تاملار بىلەن ئورۇلۇپ، دۇنيادىن ئاجرىتىلغان تۇرمىدىن تۇيۇقسىزلا پاراڭلاشقان كىشىلەر توپىغا چۈشۈپ قالدىم، مۇنداق غەمسىز بەختلىك يۈرگەنلەرنى كورگەندە، دەسلەپ ماڭا ناھايىتى ئېغىر تۇيۇلدى.

بۇنداق تۇيغۇ توغرا ئەمەس، تامامەن توغرا ئەمەس.

بۇ — ھايات. مەن بۇ يەردە كورگەن ھايات بىزنىڭ تۇرمىدىكى ھاياتىمىزغا بەرىبىر ئوخشاشلىغۇ. بۇمۇ دەھشەتلىك بېسىم ئاستىدىكى ئەمما يېمىرىلمەس ھايات. بۇ ھاياتنىڭ بىر

يېنىدىن يۇلۇۋېلىپ، بوغۇپ تاشلىماقچى بولسا، ئۇ يۇزلەپ، باشقا جايغا يوتكىلىپ، بۇلاق بولۇپ قايناپ چىقىدۇ. بۇ هايات ئۇلۇمدىنمۇ كۈچلۈكرەك. بۇ قانداق ئېغىرچىلىق بولسۇن؟ ئۇلۇم بىلەن بىۋاسىتە خوشنا بولۇپ، دەهشەت قەپىزىدە ئولتۇرغان بىزلەر باشقا ماتىرىيالدىن ياسالغانمۇ؟

بەزىدە بىزنى سوراققا ئېلىپ كېتىۋاتقان ساقچىلارنىڭ يولدا ئوزلىرىنى بىرئاز بوش تۇتىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ، بۇنداق چاغلاردا مەن ماشىنىنىڭ دەرىزىسىدىن كوچىلارغا قارايمەن. دۇكانلارنىڭ ئەينەك پەنجىرىلىرىگە قارايمەن، گۈل ساتىدىغان ئورۇنلارغا قارايمەن، توپ ـ توپ كېتىۋاتقان ئادەملەرگە قارايمەن، ئاياللارغا قارايمەن. بىر كۈنى مەن پال سالدىم: ئەگەر مەن توققۇز جۈپ چىرايلىق پۇتنى ساناپ چىقالىسام، بۈگۈن سوراقتىن تىرىك قايتىمەن دېدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ساناپ ماڭدىم، سىنچىلاپ قارىدىم، سېلىشتۇردۇم، ئۇلارنى يۇقۇرىدىن تۆۋەنگىچە ئەستايىدىل تەتقىق قىلدىم. مەن ئۇلارنىڭ چىرايلىق ياكى سەتلىكىگە ناهايىتى زوقلىنىپ باها بېرىپ چىقتىم، ئەمما بۇنىڭ مېنىڭ تىرىك قېلىشىم بىلەن هېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئويلىمىدىم.

مەن ئادەتتە كامىرىغا كەچ قايتاتتىم. مۇنداق كۈنلىرى مېنى ئەندى پۇتۇنلەي قايتىپ كەلمەسمىكىن دەپ، پىشىك ئاتا تەشۋىشلىنىشكە باشلايتتى. كىرىشىم بىلەن ئۇ مېنى قۇچاقلاپ كېتەتتى. مەن ئۇنىڭغا كېيىنكى يېڭىلىقلارنى: تۇنۇگۈن يەنە

كىملەرنىڭ شەھەر چېتىدە ئېتىلغانلىقىنى قىسقىچە ئېيتىپ بەر-گەندىن كېيىن، قۇرۇتقان سېسىق كوكتاتلاردىن تەييارلانغان كەچكى تاماقنى ئىشتەي بىلەن يەۋاتتۇق-تە، كوكۇللۇك ناخشىلارنى ئېيتاتتۇق ياكى تازىمۇ قىزىقىشىپ، هارغىچە سوگەك ئوينايتتۇق، بۇ ئادەمنى خىيالدىن قاچۇرىدىغان ھەممىدىن ياخشى ئويۇن. كېچىلەردە كامىرىنىڭ ئىشىكى ھە دىگەندىلا ئېچىلىپ، ئەزارائىل يېتىپ كېلەتتى-دە، ئىككىمىزنىڭ بىرسىگە:

— كۇدە-كوپىدگىنى ئال! پەسكە چۈش چاپسان! — دەپ ۋاقىرىشى مۇمكىن ئىدى.

ئەمما بىزنى چاقىرمىدى. بىز شۇ دەھشەتلىك ۋاقىتتىن ئامان ئوتتۇۋالدۇق. ئەمدى شۇ ۋاقىتنى ئويلاپ، ئۆزىمىزگە ئوزىمىز ھەيران بولىمىز: ھېچ چىداپ بولمايدىغان ھالغا، ئادەم بالىسىنىڭ توزىلىشىگە قاراپ، ئۇنىڭ توزىلىشىگە ھەيران قالىسەن!

ئەلۋەتتە بۇ مىنۇتلارنىڭ بىزدە ئوچمەس ئىزلار قالدۇرماي ئوتۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئېھتىمال، بۇ ئىزلار مېڭىمىزنىڭ بىرەر قاتلىرىدا تۇرۇپ قويغان كىنو لېنتىسىدەك ساقلىنىپ قالىدۇ. بىر كۇنى بولمىسۇن بىر كۇنى — ئەگەر بىز شۇ كۇنگىچە تىرىك ياشىيالىساق، ئۇ شۇ رىيال ھاياتتا قۇيۇندەك يېشىلىپ، بىر-بىرلەپ ئالدىمىزدىن ئوتۇشى مۇمكىن. شۇ ۋاقىتتا بىز ئىكران يۈزىدە قىممەتلىك ئۇرۇقلار سېپىلگىنى ئۇچۇن، كوك مايسىغا ئورالغان چوڭ بىر قەۋرىستاننى كورگەن بولار ئىدۇق.

بۇ قىممەتلىك ئۇرۇقلار ئەلۋەتتە ئۇنۇپ چىقىدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# يەتتىنچى باپ

## ھەيكەل ۋە قونچاق (2)

### پانكراتستا

تۇرمىدە ھايات ئىككى خىل ئۆتىدۇ. بۇنىڭ بىرى تاشقى دۇنيادىن تامامەن ئاجرىتىلغان، قۇلۇپلانغان كامىرلاردا ئۆتىدۇ، لېكىن سىياسىي مەھبۇسلار بولغانلىكى جايىدا، ئۇ يەنە تاشقى دۇنيا بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. يەنە بىر خىل ھايات كامىرلارنىڭ ئالدىدىكى ئۆزۈن، غەم باسقان، غوۋا، تار ئارىلىقلاردا ئۆتىدۇ، بۇ يەردىكى ھايات تاشقى دۇنيادىن تامامەن ئاجرىتىلغان، جىسەكچىلىك كىيىمگە ئورالغان بولۇپ، ئۇ كامىرغا سولانغاندىنمۇ يامان. بۇ قونچاقلار ھەيكەللەردىن كوپ بولغان دۇنيادۇر. مەن مۇشۇ دۇنيا توغرىسىدا سوزلىمەكچىمەن.

بۇ دۇنيانىڭ ئۆز تۈرقى-سىياقى بار، ئۆز تارىخىمۇ بار. ئۇنداق بولمىغاندا، مەن ئۇنى چوڭقۇر بىلەلمىگەن بولار ئىدىم. مەن پەقەت بۇنىڭ بىر تەرەپكە قارىتىلغان يان تەرەپتىكى كورۇ-

نۇشىنىلا كورەلەيتتىم، ئۇنىڭ بىر تۇتاش ۋە مۇستەھكەمرەك، كامىر بدىكىلەرنى تومۇردەك ئىبغىر بىر نەرسە بىلەن بىسىۋاتقان ئۇستكى يىقىنىلا كورەلىگەن بولار ئىدىم. بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى، ھەتتا يىرىم يىل ئىلگىرىمۇ يەنە شۇنداق ئىدى. ھازىر ئەمدى بۇ دۇنيانىڭ ئۇستى دەز چىقىپ يوچۇقلار بىلەن قاپلانغان، بۇ يوچۇقلاردىن كۆلگۈك كەلگۈدەك، غەم باسقان، مۇلايىم بىچارىلەرنىڭ خىلمۇ-خىل، ئەمما يەنىلا ئىنسانىنىڭ يۈزىگە ئوخشاش يۈزلەر كورۇنۇپ تۇرىدۇ. ئەكسىيەتچىل ھوكۇمرانلىقنىڭ خەۋپىمۇ بۇ خۇنۇك دۇنيادىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۇستىدىن بىسىم بولۇپ چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا خاس كىشىلىك خۇسۇسىيىتىنى روشەن ئاجرىتىپ تۇرىدۇ. بەزىدە بۇ خۇسۇسىيەت ئاز بولىدۇ، بەزىدە سىز يىقىنراق تونۇشقاندىن كىيىن، ئۇنى بۇرۇنقىدىن روشەنرەك كورەلەيسىز. بۇ خۇسۇسىيەتىنىڭ ئاز-كوپلۇگىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ھەر خىل تىپلار شەكىللەنگەن. ئەلۋەتتە، بۇ يەردىن مۇكەممەل كىشىلەرنىمۇ تىپىشىڭىز مۇمكىن. بۇ كىشىلەر بىشىغا كۈن چۈشكەن باشقا كىشىلەرگە ياردەمدە بولىمەن دەپ، ئوزلىرىمۇ بالاغا تىقىلىدۇ.

تۇرمە كوڭۈل خوش قىلىدىغان ئورۇن ئەمەس. لىكىن تۇرمە سىرتىدىكى ئالەم تۇرمىدىكى ئالەمدىنمۇ دەھشەتلىكىرەك. كامىردىكىلەردە دوستلۇق بار — بۇ قانداق مەھكەم دوستلۇق! بۇنداق دوستلۇق پەقەت جەڭ مەيدانلىرىدىلا پەيدا بولىدۇ، جەڭ مەي-

دانىلىرىدا كىشىلەر دائىم خەۋپ ئىچىدە تۇرىدۇ، بۈگۈن مەن سىنىڭ چىنىگنى قۇتۇلدۇرسام، ئەتە سەن مېنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قېلىشىڭ مۇمكىن، لېكىن مۇنداق دوستلۇق نىمىسى جىسەكچىلەر ئارىسىدا يوق ۋە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار بىر ـ بىرىنى پايلاش، چېقىش، تۇتۇپ بېرىش مۇھىتىدا ياشايدۇ، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ رەسمىي يوسۇندا "دوست" دەپ يۈرگەن خىزمەتدىشىدىن چوچۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى دوستسىز يۈرۈشنى خالىمايدىغان ئەڭ ياخشىلىرى دوستلارنى كامىرىلاردىن ئىزلەيدۇ.

بىز كوپ ۋاقىتلارغىچە جىسەكچىلەرنىڭ ئىسىم پەملىسىنى بىلمەي يۈردۇق. لېكىن بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى. بىز ئۆزئارا ئۇلارنى ئۆزلىرىمىز قويۇۋالغان لەقەملەر بىلەن ئاتىشاتتۇق، بۇ لەقەملەرنىڭ بەزىلىرى بىزدىن بۇرۇنقىلار تەرىپىدىن قويۇلۇپ، ساقلىنىپ كېلىۋاتقان لەقەملەر ئىدى. بىرقانچىلىرىنىڭ، تۈرمىدە قانچە كامىرا بولسا، شۇنچە لەقىمى بار. بۇلار يە ئۇ ياق، يە بۇ ياق بولالماي ئوتتۇرىدا قالغان ئارىسالدىلار، ئۇلار بىر كامىرىدا چۈشلۈك تاماقتا قوشۇمچە قىلىپ كەگىرەك بەرسە، يەنە بىر كامىرىدا بىر مەھبۇسنىڭ قۇلاق چېكىسىگە ئۇرۇپ ئوتتۇپ كېتىدىغانلار. بۇ ھاللار مەھبۇسلار بىلەن بولغان بىرنەچچە مىنۇتلۇق مۇئامىلىدە يۈز بەرسىمۇ، لېكىن كامىرىدىكىلەرنىڭ ئېسىدە ئۇزاققىچە قالىدۇ. شۇڭلاشقا بۇ ھاللار بىر ياقلىمىلىق قاراش پەيدا قىلىپ، بىر ياقلىمىلىق

لەقەملەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇلارنىڭ مىجەز-خۇلقى روشەن كورۇنۇپ، يە ئۇ ياق، يە بۇ ياق، يە ياخشى، يە يامان تەرىپكە ئوتۇپ، چوقۇم بىر ياقلىق بولغانلار.

مۇنداق تىپلارنى ئوبدان تونۇۋېلىڭلار! بۇ قونچاقلارنى ياخشى كورۇۋېلىڭلار! بۇلار ئۇدۇل كەلگەن يەردىن تۇيۇقسىز يىغىلىپ قالغان ئادەملەر ئەمەس. ئۇلار ناتسىزىمنىڭ سىياسى ئارمىيىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مەخسۇس تاللىۋېلىنغانلار. بۇلار ئەكسىيەتچىل تۈزۈمنىڭ تايانچى ۋە ئىجتىمائى تىرەكلىرى.

## "شاپائەتچى"①

تۈزۈن بويلۇق، يوغان قوساق، ئاۋازى ئىنچىكە، چاچىلداپ سوزلەيدىغان "تەييارلىنىۋاتقان ئېپىسكوپ" رېيىس، رېيىن دەرياسى بويىدىكى كىلىن دىگەن يەردىكى مەكتەپنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى. نېمىس مەكتەپلىرىدىكى باشقا بارلىق خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش، ئۇمۇ جىددى قۇتقۇزۇش كۇرسىدا ئوقۇغانلىغى ئۇچۇن، بەزىدە تۇرمە ياردەمچى دوختۇرنىڭ قىلىدىغان ئىشىنىمۇ قىلىپ قوياتتى. ئۇ مەن بۇ يەردە ئەڭ بۇرۇن تونۇشقان ئادەملەرنىڭ بىرسى. مېنى بىرىنچى قېتىم كامىرىغا سورەپ كىرىپ،

---

① ئەسلى تېكىستتە "سامارىيەنلىك" دەپ ئېلىنغان، ماي ۋە هاراق بىلەن جاراھەت ساقايتىدىغان شاپائەتچى.

جاراھەتلىرىمنى تەكشۈرۈپ، لاتا بىلەن تاڭغان شۇ ئىدى. ئېھتىمال مېنىڭ تىرىك قېلىشىمغىمۇ شۇ سەۋەپ بولغاندۇر. بۇنى ئادەمگەرچىلىكتىن قىلدىمۇ ياكى قۇتقۇزۇش كۇرسىدا ئوقۇغانلىقتىن قىلدىمۇ؟ ئۇنى بىلەلمىدىم. لېكىن ئۇنىڭ قولغا ئېلىنغان يەھۇدىيلارنى ئۇرۇپ، چىشلىرىنى چىقىرىپ، ئاندىن ئۇلارغا قوشۇقلارغا لىپ توشقۇزۇلغان تۇز ياكى قومىلارنى شىپالىق دورا دەپ زورمۇ ـ زور ئىچكۈزگەنلىكلىرىدىن ئەشەددى ناتسىست ئىكەنلىكى ئوچۇق ئايان بولۇپ تۇراتتى.

## پوچى

بۇدىۋۇتىسكىدىكى پىۋا زاۋۇدىنىڭ ھارۋىكەشى فابىيان كوڭلى يۇمشاق، پاراڭچى ئادەم ئىدى. ئۇ ئاغزى قۇلىغىغا يېتىپ ھىجايغان ھالدا تاماق كوتىرىپ كامىرىغا كىرەتتى، ھېچكىمگە ئازار بەرمەيتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىشىك كەينىدە سائەتلەپ تۇرۇپ، مەھبۇسلارنىڭ سوزلىرىنى تىڭشاپ، ئاندىن ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغان ئۇششاق ـ چۇششەك سوزلەرنى بىرنى قالدۇرماي، باشلىقلىرىغا يەتكۈزىدىغانلىقىغا ئىشەنمەي قالىسىز.

## كوكلار

بۇ ھەم بۇدىۋۇتىس پىۋا زاۋۇدىنىڭ ئىشچىسى. بۇ يەردە

سۇدىتتىن كەلگەن نىمىس ئىشچىلىرى نۇرغۇن. بىر ۋاقىتتا ماركس مۇنداق دەپ يازغان: "گەپ ئايرىم ئىشچىنىڭ قانداق ئويلىشى ياكى قانداق ئىشلىشىدە ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆزىدە ۋە ئۇنىڭ ئۆز تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن نىمىلەرنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇشىدا." بۇ يەردىكى بەزى ئىشچىلار راستلا ئۆزىنىڭ سىنىپىي ۋەزىپىسى توغرىسىدا ھېچ نەرسە بىلمەيدۇ. ئۇلار ئۆز سىنىپىدىن بولۇنۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ قارىمۇ-قارشى تەرىپىدە تۇرۇپ قالغان ئادەملەر بولۇپ، ئىدىيىلىرى ھاۋادا ئېسىلىپ قالغان. ئېنىغىنى ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ھاۋادا ئېسىلىپ قالغان.

كوكلار ياخشى كۆن كەچۈرۈشنى كوزلەپ ناتىسىتلارنىڭ ئىشىغا قاتناشقان. ئىش ئۇنىڭ كۈتكىنىگە قارىغاندا مۇرەككەپرەك بولۇپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئويناپ-كۈلۈشنىمۇ ئۇنتۇدى. ئۇ ئۆز ئامىتىنى ناتسىزىمغا باغلىغان ئىدى. لېكىن ئۆز ئۇمىدىنى كوتىرەملىكتىن ئولگەن ئاتقا باغلىغان بولۇپ چىقتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ھەتتا ئۇ ئۆزىنى تۇتالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ كېچىلىرى يۇمشاق شىپىاق كەش كىيىپ، تۇرمىنىڭ ئارىلىغىدا ئۇ ياقتىن بۇ ياققا مېڭىپ، چاك باسقان لامپا شىشىسىگە يۈزىدىكى غەملىك ئوي ئىزلىرىنى قالدۇراتتى:

— تۇگەشتىم، — دەپ بارماقلىرى بىلەن شائىرانە جۈمللەرنى يازاتتى ۋە ئۆز ئۆزىنى ئولتۇرۇش توغرىسىدىمۇ ئويلىناتتى.

كۈندۈزلىرى ئۇ مەھبۇسلارنىمۇ، ھەتتا جىسەكچىلەرنىمۇ

قوغلايتتى، ئۆزىنى يوپۇتۇپ، تىترىگەن ئاۋاز بىلەن ۋاقىراپ كېتەتتى.

## رېسسلىر

قاتاڭغۇر، سوزامپاي، ئۇنلىرى غاراڭ-غۇرۇك چىقىدىغان بۇ ئادەم چىن كوڭلى بىلەن كۇلۇشكە ئۇستا بولغان ئاز ساندىكى ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ يابلۇتسلىق توقۇمىچى ئىشچى ئىدى. كامىرىغا كىرىپ، سائەتلەپ سوز تالىشىپ ئولتۇراتتى.

— قانداق قىلىپ بۇنداق كەسپكە ئىلىشىپ قالدىڭ دەمسىز؟ مەن ئون يىلدىن بۇيان تۆزۈككىنە بىر ئىش تاپالماي يۈردۈم. بىر ھەپتىدە قولغا تېگىدىغان يىگىرمە كرون① بىلەن پۈتۈن بىر ئائىلىنى بېقىش كېرەك بولسا، تۇرمۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىغىنى ئۆزىڭىز بىلمەمسىز؟ مانا شۇ پەيتتە ئۇلار كېلىپ: "بىز ساڭا ئىش بېرىمىز، بىزگە بارغىن" دىدى. مەنمۇ بوپتۇ دەپ باردىم، ئۇلار ماڭا مۇشۇ ئىشنى بەردى. ماڭىلا ئەمەس، باشقىلارغىمۇ ئىش تېپىپ بېرىشتى. قوساق توق، ياتىدىغان ئۆيىمىز بار، بىمالال ياشاش مۇمكىن. سوتسىيالىزىمما؟ قوي ئەمدى، ئۇنداق ئىش يوق. ئەلۋەتتە، مەن باشقىچە بولار دەپ ئۈمت قىلغان ئىدىم. ئەمما ئەھۋالىم ئاۋالقىدىن كورە

① چېخ پۇلىنىڭ نامى.

ھەر ھالدا ئوبدان.

— راست ئەمەسمۇ؟ ئۇرۇشقىما؟ مەن ئۇرۇشنى خالىمايتتىم. ئادەملەرنىڭ قىرىلىشىنىمۇ خالىمايتتىم. مەن ياشاشنى خالايتتىم.

— قاراڭ، مەن خالىسام ـ خالىمىسامدۇ، ئۇلارغا ياردەم قىلىۋاتىمەنمۇ؟ ئەمىسە مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مەن بۇ يەردە بىرسىگە يامانلىق قىلدىممۇ؟ مەن كەتسەم، مېنىڭ ئورنىمغا مېنىڭدىنمۇ يامانراق بىرسى كېلەر. مەن كەتسەم كىمگە پايدىسى تېگەر؟ ئۇرۇش توگىسە، يەنە فابرىكىغا قايتىمەن......

— سېنىڭچە بۇ ئۇرۇشتا كىم يېڭىپ چىقار؟ بىز ئەمەسما؟ دىمەك سىلەرما؟ ئۇ ۋاقىتدا بىز نىمە بولماقچىمىز؟

— توگەشكىنىڭ دەمسىز؟ قانداق ئېچىنىشلىق ئىش! مەن باشقىچە بولار دەپ ئويلىغان ئىدىم، — دەيدۇ ـ دە، شادىپاچاق، ئۇزۇن ئاياقلىرىنى سورەپ كامىردىن چىقىپ كېتىدۇ.

يېرىم سائەتتىن كېيىن، ئۇ يەنە بىزدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھەممە ئىش زادى قانداق دەپ سوراپ كىرىدۇ.

## "مەخلۇق"

بىز بىر كۇنى ئەتىگەنلىكى پانكراتىس تۇرمىسىنىڭ تۇۋەن قەۋىتىنىڭ چوڭ ئارىلىغىدا پىتچىك سارىيىغا سوراققا بىرىشنى كۇتۇپ تۇرغان ئىدۇق. كەينىمىزدە نىمىلەر بولۇۋاتقانلىغىنى كورمىسۇن دەپ، بىزنى ھەر زامان تامغا قارىتىپ تۇرغۇزۇپ

قوياتتى. تۈيۈقسىزلا ئارقىمىزدىن بىزگە تونۇش بولمىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— مېنىڭ ھېچ نەرسىنى كورگۈمۇ كەلمەيدۇ، ھېچنېمە ئاڭلىغىممۇ كەلمەيدۇ! سىلەر تېخى مېنى بىلمەيدىكەنسىلەر، بىلىدىغان بولىسىلەر!

مېنى كۆلكە قىستىدى. مۇنداق قاتتىق ھەربىي تۈزۈم ئاستىدا، «ياخشى چېرىك شويكا»① دېگەن كىتاپتىكى ئەخمەق بىچارە دۇب جۈڭۋېيىنىڭ سوزلىرى تولىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. لېكىن مۇشۇ كۈنگىچە بۇ سوزلەرنى ھەممىگە ئاڭلىتىپ ئېيتىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى. مېنىڭ يېنىمدىكى تەجربىلىكرەك مەھبۇس مېنى كۈلمەڭ دېگەندەك قىلىپ، بوش نوقۇپ قويدى ۋە مېنى يېڭىلىشىپ قالغان بولسا كېرەك دەپ قويدى، بۇ تەنە گەپ ئىدى. زادىلا ئەمەس.

بۇنى ئېيتقان، شويكا توغرىسىدا ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان، ئېسئېسچى كىيىمىنى كىيگەن بىر مەخلۇق ئىدى. بۇ مەخلۇقنىڭ دۇب جۈڭۋېينىڭ سوزىگە ئوخشاش سوزنى ئېيتىپ تاشلىشى ئۇنىڭ بىلەن تومۇرداش ئىكەنلىكىدىن ئىدى. بۇ مەخلۇقنىڭ پەملىسى ۋەتان بولۇپ، بىر ۋاقىتلاردا چېخوسلوۋاكىيە ئارمىيە-سىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتەش مۇددىتى ئېشىپ كەتكەن ئاددى

---

① «ياخشى چېرىك شويكا» مەشھۇر چېخ ساتىرىك يازغۇچىسى ياروسلاۋ خاشېك (1883 — 1923)نىڭ داڭلىق ئەسىرى.



www.uyghurkitap.com

ئەسكەر بولۇپ خىزمەت قىلغان ئىكەن. مەخلۇق راست گەپنى قىلدى: بىز كىيىن ئۇنىڭ كىملىگىنى ئېنىق بىلىپ، ئۇنى "مەخلۇق" دەپلا ئاتايدىغان بولدۇق. راستىنى ئېيتقاندا، چاكىنىلىق، ھاماقەتلىك، جاھىللىق، ئىپلاسلىق خىسلەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە جەملىگەن بۇ چۈپۈرەندىگە دەل كېلىدىغان لەقەم ئىزلەپ باشلىرىمىز قاتقان ئىدى. ئۇ پانكراتىس تۈرمىسىنىڭ ئاساسىي تايانچلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

چېخ خەلقىدە ئۆزىنىڭ ھالىغا باقماي چوڭچىلىق قىلىدىغان مەنسەپپەرەسلەرنى سۆپەتلەيدىغان "چوشقىدىنمۇ پەس" دەيدىغان بىر تەمسىل بار. بۇ سوز دەل ئۇلارنىڭ جېنىغا تېگىدۇ. بويىنىڭ پاكارلىقىغا ئۇيىلىپ، ئۆز ئۆزىدىن قىينىلىپ يۈرگەن كىشىنىڭ جېنىغا ئۇۋال دىسەڭلەرچۇ! ۋىتان ئۆز بويىنىڭ پاكارلىقىدىن ئۇيىلىپ، قىينىلىپ يۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بويى ۋە روھىي جەھەتتىن ئۆزىدىن ئىگىز بولغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئوچ بولۇپ كەتكەن.

"مەخلۇق" ھىچكىمنى ئۇرمايدۇ، بۇنداق ئىشقا ئۇ پېتىنالمايدۇ. ئەمما ئۇ چېقىمچىلىققا چاققان. ۋىتانىنىڭ چېقىمچىلىقى ئارقىسىدا قانچە مەھبۇسلار ئۆزلىرىنىڭ سالامەتلىگىنى يوقاتتى ۋە ئولۇمگە دۇچار بولدى! سېنى ئىمىشقا پانكراتىس تۈرمىسىدىن قاماق لاگىرىغا ئەۋەتىدۇ، بۇنى ماتىرىيالدا قانداق دەپ تونۇشتۇرغان، بۇ ئىرەنسىز بىر نەرسە ئەمەس _ تە.

"مەخلۇق"تا ئادەمنىڭ كۇلگۇسى كەلگۇدەك قىلىقلار بار. ئۇ

www.uyghurkitap.com

ئارىلىقتا يالغۇز قالغانــدا، ئۇزىــنى ناھايــتى چوڭ مەنــسەپدار كىشىدەك ھىساپلاپ، گىدىيىپ ـ غادىيىپ يۈرۈپ كېتىدۇ. ئەگەر شۇ پەيتتە بىر كىشى ئۇچراپ قالــدىمۇ ـ بولــدى، قانــداقتۇ بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە چىــقىۋېلىپ، ئۇزىنى ئــگىز قىلىپ كورسەتــكۈسى كېپكېتىــدۇ. ئەگەر سىزدىن بىر نەرســلەرنى سوراشتۇرماقچى بولسا، ئاۋال شادىنىڭ ئۈســتىگە چىقىپ ئولــتۇرۇۋالىدۇ، بۇ يەردە ئولتۇرۇش قانچە ئەپسىز بولۇشغا قارىماي، سائەتلەپ ئولتۇرۇپــمۇ چىدالايــدۇ، چۈنــكى بۇ ھالــدا ئۇزىــنى سىزدىن بىرقەدەر ئــگىز دەپ ھىس قىلىدۇ. ئەگەر سىز باش ياكى ساقىلىڭىزنى چۈشۈرۈۋاتقاندا يېنىــڭىزدا قاراپ تۇرغان بولسا، پەلەمپەيگە ياكى ئۇزۇن ئورۇندۇققا چىقىۋېلىپ، ئادىــتى بويىچە:

ـــ ھىچ نەرسە كورگۇم كەلمەيــدۇ، ھىچــنىمە ئاڭلىغۇمــمۇ كەلمەيــدۇ، ســلەر مېــنى بىلــمەيسلــەر...... ـــ دەپ تىــلىنى چاينايدۇ.

ئەتىگەنــلىگى مەھبۇســلارنى ھويــلىغا ”شامالــداش“قا ئېلىپ چىققانــدا، ئۇ گۇل تېرىلغان چونەك قىرلىرىــغا چىقىپ ماڭىدۇ، چۈنــكى بۇ يەردە ئۇ ئۇزىــنى ئەڭ بولمىــغاندا ئون سانــتىمېتىر ئىگىز ھىس قىلىدۇ. ئۇ كامىرىغا كىرگەنــدە خۇددى پادىشالار ـ دەك گىدىيىپ كىرىدۇ ـ دە، يۇقۇرىــدىن تۇرۇپ، مەھبۇسلارنى ساناش ئۇچۇن دەرھال ئورۇندۇققا چىقىۋالىدۇ.

ئۇ ئادەمنىڭ كۇلگۇسى كەلگۇدەك مەخلۇقيۇ، لېكىن كىشىنىڭ ھاياتىنى ھەل قىــلارلىق چوڭ ھوقۇقــقا ئىگە بولۇۋالــغان باشقا

ساراڭلارغا ئوخشاشلا، ناھايىتى خەۋپلىكمۇ ئىدى. ئۇنىڭ چەكلىك گەۋدىسىدە پاشنى توگە دەپ كورستىدىغان ئىقتىدارمۇ بار ئىدى. ئۇ جىسەكچى ئىتلىق ۋەزىپىسىدىن باشقا ھىچ نەرسە بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ تۇرمە ئىنتىزامىغا خىلاپ كېلىدىغان ھەر بىر ئۇششاق ئىشنى ناھايىتى زور بىر جىنايەت ھىساپلاپ، ئۇنىڭغا ئاربىلىشىدۇ. ئۇ مەنمۇ قالتىس ئادەممۇ دىگەن تاتلىق ئوي بىلەن كوڭلىنى قانائەتلەندۇرۇش ئۇچۇن، تۇرمە ئىنتىزامىغا قارشى ھەركەت قىلدى ياكى جىنايەت قىلدى دىگەن بانىلارنى ئويلاپ چىقىرىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ چېقىمچىلىغىنىڭ راست ـ يالغانلىغىنى بۇ يەردە كىم تەكشۇرۇپ ئولتۇرار دەيسىز؟

## سىمتونىس

بۇ قونچاقنىڭ يوغان، خام سېمىز گەۋدىسىنى، سورۇن يۇزىنى ۋە مەنىسىز قاراشلىرىنى كورگىنىڭىزدە، رەسسام گروسنىڭ① ناتىسىتلارنى زاڭلىق قىلىپ سىزغان ھەجۋى رەسىملىرى قايتا تىرىلىپ قالغاندىمۇ دەپ قالىسىز. ئۇ لىنتۋا چېگرىسىغا يېقىن بىر يېزىدا سېيىر ساقىقۇچى ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. لېكىن شۇنىسى قىزىقكى، بۇ مۇلايىم ياخشى ھايۋانمۇ ئۇنىڭ

---

① گروس (1893 ـ 1959)، نېمىس رەسسامى، ھەجۋى رەسىملەرنى سىزىش بىلەن داڭقى چىققان.

www.uyghurkitap.com

ۋۇجۇدىدا ھېچقانداق تەسىر قالدۇرالمىغان. باشلىقلارنىڭ ئالدىدا ئۇ ئۆزىنى "نېمىس ئەخلاقى"نىڭ پىرى يەنى ھەر ئىشتا ئۆزۈل-كېسىل، قەتئىي، پارا ئالمايدىغان كىشى (قارا خىزمەتچىلەرنىڭ قولىدىن يەيدىغان نەرسىلەرنى تارتىۋالمايدىغان، كەم ئۇچرايدىغانلارنىڭ بىرى) قىلىپ كۆرسىتىدۇ، لېكىن.....

قانداقتۇ بىر نېمىس ئالىمى، كىم ئىكەنلىكى ھازىرچە ئېسىمدە يوق، قاچاندۇ بىر ۋاقىتتا، ھايۋانلارنىڭ قانچە "سۆز"نى ئۇقۇشقا سېزىمى يېتىدىغانلىقىنى ھېساپلاش يولى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراستىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەن. ئالىم ئۆز تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە ئوي مۈشۈكىنى ئەڭ يەم پاراسەتلىك ھايۋان دەپ تاپقان بولسا كېرەك، ئۇ پەقەت 128 سۆز ئۇقىدىكەن. سىمتونىسقا قارىغاندا بۇ مۈشۈكنى دانىشمەن دەپ ھېساپلاش مۇمكىن. چۈنكى بىز پانكراتس تۇرمىسىدە ئۇنىڭ ئاغزىدىن: "Pass bloss auf, Mensch!"① دىگەن تۇتىلا سۆزنى ئاڭلىدۇق.

ئۇنىڭغا ھەپتىدە ئىككى-ئۈچ قېتىم كېزەكچىلىك قىلىشقا توغرا كېلەتتى، ھەر قېتىمقى كېزەكتە شۇنچە كۈچ سەرپ قىلىپ تىرىشىپ باقسىمۇ، ھامان ئاقىۋىتى ياخشى بولۇپ چىقمايتتى. بىر كۈنى تۈرمە باشلىقى ئۇنى دەرىزىلەرنى ئېچىۋەتمەپسەن دەپ ئەيىپلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ خام سېمىز يوغان

---

① "ھەي، سەن يولنى بوشات!" (نېمىسچە)

ئەبلەخ دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ، ئۆلتۈرالماي قالىدۇ، ئۇز سالمىغىنى بىر ئۇ پۇتىغا، بىر بۇ پۇتىغا سىلىپ، بېشىنى يەرگە ساڭگىلىتىپ، ئاغىزلىرىنى قىڭغايتىپ، كالپۇكلىرىنى تىترىتىپ، ھېلىلا ئاڭلىغان گېپىنى كۆچەپ، ناھايىتى تەسلىكتە تەكرارلاپ كورسىمۇ ئېسىغا ئالالمايدۇ...... بۇ خام سېمىز بىردىنلا كانايغا ئوخشاش ھوكۇرەيدۇ ـ دە، پۇتۇن ئارىلىقتا ۋاڭ ـ چۇڭ كوتىرىلىدۇ، ھېچكىم نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەيدۇ، ھەممە دەرىزىلەر ئېچىلماي، شۇ قېلىپىدا قېلىۋېرىدۇ. ئارىدا سىمتونىسقا توساتتىن يولۇقۇپ قالغان ئىككى مەھبۇسنىڭ ئاغزى ـ بۇرنى قىپ ـ قىزىل قان بولىدۇ. مانا شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلىدۇ.

ئۇ ھامان مۇشۇ يول بىلەن ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلاتتى. ئۇرۇش، كىم يولۇقسا شۇنى ئۇرۇش؛ ئۇرۇش، زورۇر تېپىلغاندا، ئولتۇرۇۋېتىش — بۇنى ئۇ ياخشى بىلەتتى. ئۇ پەقەت مۇشۇنىلا بىلەتتى. بىر كۇنى ئۇ كوللىكتىپ كامىرىغا بېسىپ كىرىپ، مەھبۇسلارنىڭ بىرىگە مۇشت ئاتىدۇ. بۇ مەھبۇس ئاغرىق بولغانلىقى ئۇچۇن تىترەپ، يەرگە يىقىلىدۇ؛ ئاغرىق جىم بولغىچە، قالغان مەھبۇسلار زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە دىرىلدەشلىرى كېرەك ئىدى. سىمتونىس بولسا، ئىككى قولىنى بېلىگە تايىنىپ، ۋەھشىلەرچە ھېجايغان ھالدا قاراپ تۇراتتى ۋە بۇ مۇرەككەپ ھالەتنى ئۇتۇقلۇق ھەل قىلدىم دەپ قانائەتلەنگەن ھالدا خوشال بولاتتى.

بۇ مەخلۇق ئوزى ئۇگىنىۋالغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىن

پەقەت: ”ئۇرۇش!“ دىگەن بىرلا نەرسىنى يادى ئۇنتۇماي، مەھكەم ساقلاپ قالغان ئىدى.

شۇلارغا قارىماي، ھەتتا مۇشۇ مەخلۇقتىمۇ بىر نەرسە پارچىلىنىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋال تەخمىنەن بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى مەلۇم بولۇشقا باشلىدى. تۇرمە قوبۇلخانىسىدا سىمتونىس بىلەن K ئىككىسى يالغۇز ئولتۇرغان ئىدى. K ئۇنىڭغا ھازىرقى ۋەزىيەت توغرىسىدا سوزلەپ بەردى. سىمتونىسقا ئازراق بولسىمۇ بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇزاق سوزلەشكە توغرا كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن سىمتونىس ئورنىدىن تۇرۇپ، قوبۇلخانا ئىشىگىنى ئاچتى ـ دە، ئارىلىقنى دىققەت بىلەن كوزدىن كەچۈردى، ھەممە جىم، يېرىم كېچە، تۇرمە قاتتىق ئۇيقۇدا ئىدى. ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپ ئىچىدىن ئىلىپ، ئاندىن ئاستا ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

ــ خوش، شۇنداق ئويلامسەنا......؟

ئىككى قولى بىلەن ئىڭىگىنى تۇتۇپ ئولتۇردى. پىلدەك يوغان بۇ تەنىدىكى ئاجىز جانىنى قورقۇنچلۇق يوغان بىر نەرسە بېسىۋالغان ئىدى. شۇ تەخلىتتە ئۇ ئۇزاق خىيال قىلىپ ئولتۇردى. ئاندىن كېيىن بېشىنى كوتىرىپ، ئۇمىتسىزلىك بىلەن:

ــ ئېيتقىنىڭ توغرا. بىز ئەمدى يېڭەلمەيمىز......

مانا ئەمدى پانكراتىستىكلەر سىمتونىسنىڭ ئورەنلەپ ھوكۇمرەيدىغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا يېڭى كەلگەن مەھبۇسلار ئۇنىڭ ئادەم ئۇرىدىغان قولىنىڭ قانچىلىك زەھەرلىك ئىكەنلىگىنى بىلمەسلىكلىرى مۇمكىن.

# تۇرمه باشلىغى

بۇ ئوتتۇرا بويلۇق، پۇقراچه كىيىنگەندىمۇ ياكى ئاتاكاچىلار باشلىقلىرىنىڭ كىيىملىرى نۇسخىسىدا كىيىنگەندىمۇ ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ كىيىنىدىغان، ياسانچۇق، تەكەببۇر، ئىتتىنى، ئوۋ-ئوۋلاشنى ۋە خوتۇنلارنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ئىدى، — ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بۇ تەرىپى بىزگە كېرەك ئەمەس.

ئۇنىڭ ئىككىنچى تەرىپى پانكراتىس تۇرمىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە مەلۇم: قوپال، ۋەھشى، بىلىمسىز، ئۆز بېشىنى قورۇش ئۈچۈن ھەر كىمنى تىرىك ئوتقا ئىتتىرىشكە تەييار تۇرىدىغان ناتىسىست غالچىلارنىڭ نەق نەمۇنىسى. ئۇنىڭ ئېتى (ئەگەر ئۇنىڭ ئېتىنى ئەستە قالدۇرۇش كېرەك بولسا) سوپپا، پولشىدا تۇغۇلغان. ئۇنى تومۇرچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگەنگەن دىگەن سوزلەر بار. لېكىن بۇ ھورمەتلىك كەسپتىن ئۇنىڭدا مىسقالچە تەسىر قالمىغان. ئۇ ئۆزۈندىن بېرى گىتلېرچىلارغا خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. سايلام مۇسابىقىسى ئالدىدىكى تەشۋىقاتتا خىزمەت كورسەتكەنلىگى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ھازىرقى مۇشۇ مەنسۇپنى ئالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ مەنسۇپدىن ئايرىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن، مەھبۇسلار بولسۇن، تۇرمه خىزمەتچىلىرى بولسۇن، باللار ياكى قېرىلار بولسۇن، كىمنىلا بولمىسۇن،

ئۇنىڭغا قىلچە رەھىم قىلمايدۇ. پانكراتىس تۇرمىسىدىكى ناتسىست-لار ئۆزئارا دوستلۇق مۇناسىۋەت قىلمايدۇ ھەم بىر بىرىسىنى دوست تۇتمايدۇ؛ لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە سوپپا ھەممىسىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئۇنىڭ بۇ يەردە كوزىگە ئىلىدىغان ۋە دائىم سوھبەتلىشىدىغان بىرلا كىشىسى بار، ئۇ بولسىمۇ تۇرمىنىڭ دوختۇرى ۋايسىنىر. لېكىن ۋايسىنىر ئۇنى ياقتۇرمىسا كېرەك.

سوپپا ئۆزىنىلا بىلىدۇ. ئۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كوزلەپ مۇشۇ مەنسەپكە يېتىشتى. ئۆز پايدىسى ئۈچۈن، ناتسىزىم ھاكىمىيىتىگە ئۇلگىچە سادىق بولماقچى بولىدۇ. بىرەر قۇتۇلۇش يولىنى ئىزلىمەي يۈرگەن ئادەم يالغۇز مۇشۇلا بولسا كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ناتسىزىمنىڭ غۇلىشى ئۇنىڭ غۇلىشى دىگەن سوز، ناتسىزىم غۇلىسا، ئۇنىڭ ھوزۇر-ھالاۋەتلىك تۇرمۇشىمۇ يوقىلىدۇ، چىرايلىق ئويلىرىدىن ۋە كاتتا كىيىم نۇسخىلىرىدىن ئايرىلىدۇ (شۇنى ئېيتقاچ كېتىش كېرەككى، ئۇ ئولتۇرۇلگەن چېخلارنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىۋېلىشتىن زادى يىرگىنمەيتتى).

ئىش تامام، ئەلۋەتتە.

## تۇرمە دوختۇرى

دوختۇر ۋايسىنىر پانكراتىس تۇرمىسىدىكى شارائىتتا ئۆزگىچە بىر قۇنچاق. بەزىدە ئۇ پانكراتىسقا مۇناسىپ ئەمەستەك كورۈنسە،

بەزىدە يەنە پانكراتستا ئۇ بولمىسا بولمايدىغاندەك كورۇنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئوز دوختۇرخانىسىدا بولمىسا، ئاياقلىرىنى ئاستا ئاۋايلاپ بېسىپ، ئوزىچە گۇڭگىراپ بىر نىمىلەرنى سوزلەپ، ئەتراپىغا ئۇزلۇكسىز قاراپ ئارىلىقتا يۇرگەن بولىدۇ. ئۇ تۇرمىگە توساتتىن كېلىپ قالغان ۋە مۇمكىن قەدەر بۇ يەردىن كوپرەك تەسىرات ئېلىپ كېتىشكە تىرىشىدىغان كىشىلەرگە ئوخشايتتى. لېكىن ئۇ راسا چاقىقان جىسەكچىلەردەك، ھېچكىمگە سەزدۇر-مەي، چاپسانلىق بىلەن كامىرا ئىشىكلىرىگە ئاچقۇچ سېلىپ، ئىشىك ئېچىشقىمۇ ئۇستا ئىدى. ئۇ كورۇنۇشتە چاخچاقچى بولۇپ، بەزىبىر سىرلىق ئىشلار توغرىسىدا پاراڭ قىلاتتى، لېكىن پارنىڭ-نىڭ تايىنى يوق ئىدى، ئوزىنىڭ نىمە دىمەكچى بولغانلىغىنى بىلدۇرمەيتتى. ئوزى باشقىلارغا يېقىنلىشاتتى، لېكىن باشقىلارنى ئوزىگە يېقىنلاشتۇرمايتتى. خېلى نەرسىلەرنى كورۇپ يۇرسىمۇ، ئۇنى داۋراڭ قىلىپ يۇرمەيتتى، باشلىقلىرىغىمۇ ئېيتمايتتى. ئىسقا تولغان كامىرىغا كىرىپ قالسا، بۇرنىنى قاتتىق تارتىپ قويىدۇ-دە:

— ھىم، — دەپ تامشىپ قويۇپ، — تۇرمىدە تاماكا چېكىشكە، — يەنە بىر تامشىپ قويۇپ، — قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايدۇ، — دەپ قويىدۇ.

ئەمما ئۇ باشلىقلارغا ھېچ نەرسە ئېيتمايدۇ. خۇددى ئۇنى بىر ئېغىز قايغۇ باسقاندەك، ھەمىشە تەرىنى تۇرۇپ، قاپاقلىرىنى سېلىپ يۇرەتتى. ئۇ ناتىسىزىم تۇزۇمگە خىزمەت

قىلىۋاتىدۇ ۋە ھەر كۈنى بۇ تۈزۈمنىڭ قۇربانلىرىنى داۋالاۋاتىدۇ، بۇ تۈزۈمگە ئەسلا قوشۇلغۇسى كەلمەيدۇ. ئۇ بۇ تۈزۈمگە ۋە ئۇنىڭ ئۇزاق ياشىشىغا ئىشەنمەيدۇ، بۇرۇنمۇ ئىشەنگەن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئائىلىسىنى برىسلاۋىلدىن① پىراگاغا كۆچۈرۈپ كەلمىدى؛ ۋاھالەنكى، ئىمپېرىيە ئەمەلدارلىرى ئىچىدە بېسىۋېلىنغان ئەلنى يەپ تۈگىتىۋېتىشتىن ۋازكېچىدىغانلار ناھايىتى ئاز چىقىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بۇ تۈزۈمگە قارشى كۈرىشىۋاتقانلار بىلەن قىلچە باغلىنىشى يوق ئىدى، ئۇ بۇلارغا يات.

ئۇ مېنى تىرىشىپ تۇرۇپ، ئىخلاسى بىلەن داۋالىدى. ئۇ كوپىنچە ئادەملەرگە ئاشۇنداق قىلىدۇ، تاياق زەپتىدىن بەك ھالسىراپ كەتكەن مەھبۇسلارنى سوراققا ئەۋەتىشكە قارشىلىق كورسىتىپمۇ قويىدۇ، ئېھتىمال ئۇ نومۇس كۈچىدىن شۇنداق قىلىدىغاندۇ. لېكىن بەزى چاغلاردا ياردەم كورسىتىش بەك زورۇر بولۇپ قالسا، ھېچقانداق ياردەم كورسەتمەيدۇ. قورقانلىغىدىن شۇنداق قىلسا كېرەك.

ۋايسنىر ئۆزىگە خوجايىنلىق قىلىپ تۇرغان ھازىرقى ناتىسىزىم تۈزۈمى بىلەن كېلىچەكتىكى يېڭى تۈزۈم ئوتتۇرىسىدا قورقۇنچ ئازاۋىغا قېلىپ، يالغۇزسىرىغان بىر ئۇششاق شەخس. ئۇ مۇشۇ

① برىسلاۋىل — پولشىنىڭ غەربىي جەنۇپ قىسمى، چېخ چېگرىسىغا يېقىن.

ھالەتتىن قۇتۇلۇش يولىنى ئىزلەيدۇ، لېكىن تاپالمايدۇ. بۇ تۇلۇم چاشقان ئەمەس، پەقەت قاپقانغا چۈشۈپ قالغان كىچىك-كىنە بىر چاشقان.

ئۇ قۇتۇلۇپ بولالمايدىغان قاپقانغا چۈشكەن كىچىك چاشقان.

## چاقىقان

ئۇ پۈتۈنلەي قونچاقمۇ ئەمەس، لېكىن مۇكەممەل ھەيكەلمۇ ئەمەس. قىسقىسى، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان بىر ئارىسالدا. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەيكەل بولۇشى مۇمكىنلىكىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ.

راستىنى ئېيتقاندا، مۇنداقلاردىن بۇ يەردە ئىككىسى بار. بۇلار ئاددى، ھېس-تۇيغۇلۇق ئادەملەر. باشتا ئۆزلىرى چۈشۈپ قالغان بۇ دەھشەتلىك قورقۇنچتىن ئالاقزادە بولۇپ، قېتىپلا قالدى، كېيىنرەك بۇ دەھشەتتىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ باقتى. ئۇلارنىڭ ئەركى ئۆز قولىدا ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ توغرا بىر يولغا ئېلىپ چىققۇدەك مەدەت ۋە يېتەكچى ئىزلىگەن-دە، ئۇنى ئاڭلىق رەۋىشتە ئەمەس، بەلكى تۇغما سېزىم بىلەن ئىزلىدى؛ ئۇلار بىزگە ياردەم بېرىدۇ، چۈنكى ئۇلار بىزدىن ياردەم كۈتىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلارغا ياردەم بېرىش كېرەك، مەيلى ھازىر ياكى كەلگۈسىدىمۇ.

پانكراتىس تۇرمىسىدىكى بارلىق نېمىس خىزمەتچىلىرى ئىچىدە

مۇشۇ ئىككىسىلا ئالدىنقى سەپكە بارغان.

خانا ئۈيىر — زانايم① شەھىرىدە تۇغۇلغان، ئۆزى تىكۈچى. ئەتەي پۇتىنى ئۈششۈتۈۋېلىپ، يېقىندا كۈن چىقىش ياقتىكى ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كەلگەن. "ئۇرۇش دېگەننى ئادەم بالىسى قىلىدىغان ئىش ئەمەس" دەيتتى ئۇ شويىكلارچە پەلسەپچىلىك قىلىپ، "ئۇرۇشتا مەن نېمە قىلىمەن".

خەفىر — باتى فابرىكىسىنىڭ خۇش خۇي موزدۇزى، فرانسىيىدە بولغان ئۇرۇشلارغا قاتناشقان، مەنسۇپىنى كۆتىرىمىز دېگىنىگە قارىماي، ھەربىي خىزمەتنى تاشلاپ كەتكەن. "Ech, scheisse!"② دەپ، خىزمەتتىن قول سىلكىپ چىققان. ھازىرمۇ ئۇ خاپىلىق يەتكۈدەك بىر ئىش بولۇپ قالسا، پات-پاتلا شۇنداق قولىنى سىلكىپ قويىدۇ؛ بۇنداق خاپىلىق يەتكۈزىدىغان ئىش ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئۇچرايدۇ.

ھەر ئىككىسىنىڭ تەقدىرىمۇ ۋە خۇلقى-مىجەزىمۇ بىردەكلا ئىدى، لېكىن خەفىر يۇرەكلىكرەك، ئوتكۈررەك، ئەتراپلىقراق ئىدى. ھەممە كامېرلاردا دېگۈدەك ئۇنى "چاقـقان" دەپ ئاتىشىدۇ.

ئۇ كېزەكچىلىك قىلغان كۈنى كامېرلاردا تېچلىق پەيدا بولىدۇ. خالىغىنىڭنى قىلىسەن. ئەگەر تىللايدىغان بولسا، ساقچا

---

① زانايم — چېخوسلوۋاكىيىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر كىچىك شەھەر.

② نېمىسچە سۆز: "ئېخ، مەنىسىز ئىش!"



www.uyghurkitap.com

قاراپ كوزىنى قىسىپ قويىدۇ، بۇ ئۇنىڭ مەن سىلەرنى تىللا-ۋاتقىنىم يوق، پەقەت تووەنكى قەۋەتتىكى باشلىقلارنى ئوزەمنىڭ قاتتىقلىغىغا ئىشەندۇرۇش ئۇچۇنلا تىللاۋاتىمەن دىگەن ئىشارىتى ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ ھەركىتى بىھۇدە ئىدى، چۈنكى باشلىقلىرى ئۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى. شۇنىڭ ئۇچۈن ئۇ تەنبىھ ئالمايدىغان ھەپتە بولمايتتى.

"Ech, scheisse!" دەپ پەرۋا قىلماي، قولىنى سىلكىيدۇ-دە، يەنە ئوز بىلگىنىنى قىلىۋېرىدۇ. ئۇنى تۇرمە جىسەكچىسى دىگەندىن كورە، ئىرەنسىز ياش موزدۇز دىگەن تۇزۇك ئىدى. ئۇ كامىرىلارغا كىرىۋېلىپ، ياش مەھبۇسلار بىلەن تازا قىزىق قارتا ئويناۋاتقاندا، دەل ئۇستىدىن كىرىپ قىلىشىڭىز مۇمكىن. بەزىدە ئۇ مەھبۇسلارنى ئارىلىقتا چىقىرىپ قويۇپ، كامىرىنى "ئاختۇرىدۇ". ئاختۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭ نىمە قىلىۋاتقىنىغا قىزىقىپ، ئاستا قارايدىغان بولسىڭىز، بېشىنى تۇتۇپ، شىرەنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىنى كورىسىز، ئۇ ئۇخلاۋاتقان بولاتتى؛ غەم قىلماي، قاتتىق ئۇخلايتتى؛ ئۇنىڭ ئۇچۈن باشقىلارنىڭ دەشنەمىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئوڭاي يولى مانا شۇ ئىدى. چۈنكى مەھبۇسلار ئۇنى ئارىلىقتا جىسەپ تۇراتتى، ئەگەر بىرەر خەتەرلىك بولىغۇدەك بولسا، مەھبۇسلار دەرھال ئۇنىڭغا خەۋەر قىلاتتى. بوش ۋاقىتلاردا ئۇخلاش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن، ئەلۋەتتە ئۇيقۇ باساتتى؛ ئۇ شۇنداق بىر قىزغا ئاشىق بولۇپ قالغان ئىدىكى، بۇنداق قىزنى ھىچ يەردىن

ئىزلەپمۇ تاپالمايسەن......

ناتسىزىم يېڭىلەرمۇ ياكى يېڭىپ چىقارمۇ؟ ” Ech, scheisse!
بۇ سىرىكچىلەر زادى قانچە ئۇزۇن تۇرالار؟“

ئۇ ئۆزىنى سىرىكچىلەر قاتارىغا قوشمايدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلىسىمۇ. بۇلا ئەمەس، ئۇ ھەتتا ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشنىمۇ خالىمايدۇ. ھەقىقەتتىمۇ، ئۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئادەم ئەمەس. باشقا بىر كامېرىغا يوشۇرۇن خەت ئەۋەتىش كېرەكمۇ؟ ”چاقچان“غا ئىشىنىڭ، ئاپىرىپ بېرىدۇ. مەلۇم بىر كىشى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، مۇشۇ سوھبەت بىلەن مەلۇم كىشى-نىڭ كۆرەش ئىرادىسىنى كۆچەيتمەكچى ياكى باشقا كىشىلەرنى قوتقۇزماقچى بولدىڭىزمۇ؟ ”چاقچان“ سىزنى شۇ مەھبۇسنىڭ كامېرىسىغا ئاپىرىپ قويۇپ قويىدۇ، ئۆزى بىر چەتتە قاراۋۇللۇق قىلىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئىش كوڭۇلدىكىدەك ئورۇنلانسا، خوشال-لىغىدا شوخ باللاردەك ئايناقشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا پات-پاتلا ئېھتىيات قىلىشنى ئەسكەرتىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ خەۋپ-خەتەر ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئانچە سەزمەيدۇ. ئۆزى-نىڭ قىلىۋاتقان ياخشى ئىشلىرىنىڭ تولۇق ئەھمىيىتىنىمۇ چۈشىنىپ يەتمەيدۇ. بۇ ھال ئۇنىڭ تېخىمۇ كوپ ئىشلارنى قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ، لېكىن شۇنداقلا ئوسۇشىگىمۇ توسالغۇ بولىدۇ.

بۇ تېخى تولۇق ھەيكەل ئەمەس. لېكىن ھەر ھالدا ھەيكەل بولۇش يولىغا چۈشكەن.



www.uyghurkitap.com

# "كولىن"

بۇ ئىش ھەربى ھالەت بولغان بىر ئاخشىمى بولغان ئىدى. ئىبسىئىبسچىنىڭ كىيىمىنى كىيگەن جىسەكچى مېنى كامىرىغا كىرگۈزۈۋېتىپ، كورۇنۇشكىلا مېنى ئاختۇرغان بولدى.

ــ ئىشلىرىڭىز قانداق؟ ــ دەپ ئاستا پىچىرلاپ سورىدى.

ــ بىلمەيمەن. ئەتە ئاتىمىز دېيىشىدۇ.

ــ قورقۇۋاتىدىغانسىز!

ــ بۇنى ئاللىقاچان ئويلاپ قويغان.

ئادەت بولۇپ كەتكەن ھەركەتلىرى بويىچە بىر دەمدە تاش چاپىنىمنىڭ پەشلىرىنى سىپاپ چىقتى.

ــ ئېھتىمال شۇنداق قىلىشلىرىمۇ مۇمكىن. ئەتە بولمىسا، كېيىنرەك قىلىشلىرى مۇمكىن، بەلكىم ھېچ نەرسىمۇ بولماس. ئەمما مۇنداق ۋاقىتلاردا......تەييار بولۇپ تۇرغان ياخشى......

ئۇ بىر دەم تىڭىرقاپ تۇردى.

ــ ئېھتىمال......تاشقىرىغا بىرەر نەرسىنى خەۋەر قىلغۇڭىز كېلىدىغاندۇ؟ ياكى بىرنىمە يازارسىز؟ ھازىر بولمىسا، كەلگۈسىدە كېرەك بولىدۇ؛ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغىنىڭىزنى، سىزنى بىرەر كىشى تۇتۇپ بەرگەنلىكىنى، كىم ئۆزىنى قانداق تۇتقانلىقىنى...... يېزىپ قويسىڭىز ئوشۇق بولمايدۇ. سىز بىلگەن سىرلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىڭىز بىلەن يوقىلىپ كەتمىسۇن

دەيمەن ـ دە......

بىرەر نەرسە يېزىشنى خالايمەنمۇ؟ ئۇ ماڭا بۇ سوئالنى بېرىش بىلەن، مېنىڭ ئىچىمدىكىنى تاپقان ئىدى. يېزىشقا ئۈنتەك كۆڭلۈم بار ئىدى.

بىر دەمدىن كېيىنلا ئۇ ماڭا قەغەز ۋە قېرىنداش ئېپكېلىپ بەردى. ئاختۇرغان ۋاقتىمدا تېپىۋالىمىسۇن دەپ، يوشۇرۇپ قويدۇم.

ئۇنىڭدىن كېيىن قەغەز بىلەن قېرىنداشقا قول تەككۈزمىدىم.

بەك ياخشى بولدى، مەن ئىشەنمەيلا قالدىم. بۇ بەك ياخشى ئىش بولدى: قامالغىنىمدىن بىرنەچچە ھەپتە كېيىن، بۇ يەردە، بۇ قاراڭغۇ تۈرمىدە تىللاش ۋە ئۇرۇشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان دۈشمەنلىنىڭ كىيىمىنى كىيگەن ئۆز دوستۇڭنى ئۇچراتساڭ، ئۇ ئادەم سېنى پۈتۈنلەي چىرىپ يوق بولۇپ كەتمىسۇن دەپ، بىلگەن نەرسىلىرىڭنى كەلگۈسىگە يەتكۈزۈشكە، سېنىڭدىن كېيىن تىرىك قالغانلارنىڭ كۆزىگە سېنى بىر دەم بولسىمۇ ھايات كىشى قىلىپ گەۋدىلەندۈرۈشكە ياردەم قولىنى سوزۇپ ئۇلتۇرسا، بۇنىڭدىن ياخشى نىمە بار. بولۇپمۇ خۇددى مۇشۇ پەيتتە ـ ھە! ئارىلىقتا ئۇلۇمگە ھوكۇم قىلىنغانلارنىڭ ئىتىنى چاقىرىشتى؛ قان ئىچىشتىن مەس بولۇشقان يىرتقۇچ فاشىستلار غالجىر ئىتتەك ۋاقىراشماقتا، ئاۋاز چىقىرىشقا چامى كەلمىگەن مەھبۇسلارنىڭ بۇ دەھشەتتىن يۈرەكلىرى ئاغزىغا تىقىلماقتا. مۇنداق بىر دەھشەتلىك ۋاقىتتا بىراۋغا ئىشىنىپ بولمايتتى،

بۇنىڭ توغرا بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇنداق بىر پەيتتە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ساڭا ياردەم قولىنى سوزغان كىشى نىمە دىگەن سەۋرىلىك ۋە يۈرەكلىك باھادىر كىشى ئۇ!

بىر ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى. ھەربىي ھالەت توختىدى، تىللاش-ۋاقىراشلار بېسىلىپ، دەھشەتلىك منۇتلار خاتىرىگە ئايلاندى. كەچىكى ۋاقىتلارنىڭ بىرىسى، مەن يەنە سوراقتىن قايتىپ كىرىپ كېلىۋاتسام، ھىلىقى جىسەكچى يەنە كامىرا ئالدىدا تۇرغان ئىكەن.

— خەتەرلىك كۈنلەردىن ئۆتۈپ ئالدىڭىزغۇ دەيمەن. مەسىلە تۈگۈلمىغاندۇ؟① — دەپ ماڭا سىنچىكىلەپ تىكىلىپ قارىدى.

بۇ سوئالغا چۈشەندىم، بۇ گەپ ماڭا ناھايىتى قاتتىق تەگدى. لېكىن بۇ سوز ھەممىدىن بۇرۇن بۇ ئادەمنىڭ ئاق-كوڭۈللۈك ئىكەنلىگىگە مېنى راسا ئىشەندۈردى. مۇنداق سوئالنى پەقەت دىلى تازا ۋە شۇنداق سوئالنى بېرىشكە ھوقۇقى بار ئادەملا بېرىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا ئىشەندىم. بۇ بىزنىڭ كىشىمىز ئىكەن.

بىرىنچى قارىغاندا غەلىتى بىر ئادەمدەك بولۇپ كورۈندۇ. ئۇ ئارىلىقلاردا ئۆزى يالغۇز ئېھتىيات بىلەن خىيال سۈرۈپ، سەگەك ھالدا ئالدى-كەينىگە مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ تىلل-

---

①فۇچىكتىن: يۈز ئورۇيدىغان ئىشلار بولۇپ قالمىغاندۇ دەپ سورىماقچى.

غىنىنى ھېچكىم ئاڭلىغان ئەمەس. ئۇنىڭ بىرەر كىشىنى ئۇرغىنىنىمۇ ھېچكىم كورگەن ئەمەس.

يېنىمىزدىكى خوشنا كامىرىدىكى يولداشلاردىن بىرسى ئۇنىڭغا:

— سىز سىمىتونىسنىڭ ئالدىدا مېنى بىر مۇشت ئۇرسىڭىزچۇ، ئۇمۇ سىزنى شۇنداق ئىش ئۇستىدە كورسۇن-دە، — دېدى.

ئۇ بۇ سوزنى ماقۇللىماي، بېشىنى چايقاپ:

— ھاجىتى يوق، — دېدى.

ئۇنىڭ نېمىسچە گەپ قىلغىنىنى زادى ئاڭلىغىنىم يوق، ئۇ چېخچىلا سوزلەيتتى. ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىن باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىغى كورۇنۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نىمىشقا مۇنداق ئىكەنلىگىنى چۈشىنىشىمۇ قىيىن ئىدى. جىسەكچىلەرمۇ ئۇنىڭدىن باشقىچە بىر نەرسە ھېس قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن نېمە ئىكەنلىگىنى چۈشەنمەيتتى.

ئۇ ھەر دائىم كېرەك بولغان يەردە ھازىر بولاتتى. ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالغانلارنىڭ روھىنى كوتىرىپ، غەم يېسىپ، روھى چۈشكەنلەرنىڭ كوڭلىنى ئالاتتى، مۇبادا ئالاقە ئۈزۈلۈپ قېلىپ، بۇ ھال تاشقىرىدىكىلەرگە خەۋپ تۇغدۇرىدىغان بولسا، دەرھال ئالاقە ۋاستىلىرىنى باغلايتتى. ئۇ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار بىلەن بەنت بولۇپ قالماي، ئىشنى دائىم بىر بىرىگە ئۇلاشتۇرۇپ، كەڭ دائىرىدە ئېلىپ باراتتى.

ئۇ ھازىرلا شۇنداق بولۇپ قالغىنى يوق، باشتىنلا شۇنداق ئىدى. ئۇ ناتسىستلارغا خىزمەتكە كىرىشتە ھەممىنى ياخشى ئويلاپ

ئاندىن كىرگەن.

بۇ ئادۇلف كولىنسكى دىگەن جىسەكچى ئەسلىدە مۇراۋىيە چىخلىرىدىن بولۇپ، قىدىمقى چىخ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، گراتسى كرۇلوۋادىكى چىخ تۈرمىسگە جىسەكچىلىك خىزمىتىگە كىرىش ئۈچۈن، ئۆزىنى نىمىس مەن دەپ يازدۇرىدۇ، كېيىنرەك پانكراتستىكى تۈرمىگە ئۆتىدۇ. ئېھتىمال، ئۇنىڭ بۇ ئىشقا تونۇش - بىلىشلىرى ئاز غەزەپلەنمىگەندۇ. توت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى ئۇ ئىشىدىن مەلۇمات بېرىۋاتقاندا، نىمىس تۈرمە باشلىقى ئۇنىڭ بۇرۇنلىرىغا مۇشتۇملىرىنى تەگلەپ — كېچىكـ كەن بولسىمۇ — ئۇنى قورقۇتۇپ:

— سېنىڭدىكى چىخ روھىنى سۇندۇرۇپ تاشلايمەن، — دىدى.

نىمىس خاتالاشقان ئىدى. بۇ روھنى سۇندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ئۇ نىمىس بۇنىڭدىكى چىخ روھىنى سۇندۇرماقچى بولسا، ئاۋال ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىنسانىيەتچىلىك پەزىلەتلىرىنى يوقىتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن كولىنسكى كۈرەش ئۈچۈن ۋە كۈرەشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاڭلىق رەۋىشتە ئۆز ئىختىيارى بىلەن بۇ ئورۇننى تېپىپ بۇ خىزمەتكە كىرگەن ئىدى. ئۈزلۈكـ سىز خەتەرلىكلەر ئۇنى كۈندىن - كۈنگە چىنىقتۇردى.

## بىزنىڭكىلەر

ئەگەر بىزگە 1943 - يىلى 11 - فېۋرال كۈنى ناشتىغا نىمىدىن

www.uyghurkitap.com

قىلىنغانلىغى بەلگىسىز بولغان ئادەتتىكى قاپ ـ قارا سۇيۇقلۇق ئورنىغا كاكاۋا ئىپكىلىپ بەرمىگەن بولسا، بىز مۇنداق موجىزىگە ئەجەپلەنمىگەنمۇ بولار ئىدۇق. چۈنكى شۇ كۈنى ئەتىگەنلىكى بىزنىڭ كامىرىنىڭ ئىشىگىدىن چېخ ساقچىسىنىڭ كىيىمنى كىيگەن بىرسى ئۆتۈپ كەتتى.

لەپپىدە قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. قارا شىم، قونجى ئۇزۇن ئۆتۈك كىيگەن پۇتلار چامداپ، قارامتۇل كۆك يەڭلىك قول كۆتىرىلدى ـ دە، ئىشىك قاتتىق يېپىلدى، بۇلار كۆزدىن غايىپ بولدى. بۇ لەپپىدە قىلىپ ئۆتكەندە شۇ قەدەر چاپسان ئۆتۈپ كەتتىكى، ھەتتا چارەك سائەتتىن كېيىن، بۇنىڭ راست ـ يالغانلىغىغا ئۆزىمىز ئىشەنمەي قالدۇق.

پانكراتستىكى تۈرمىدە چېخ ساقچىسى پەيدا بولدى! بۇ نەر ـ سىدىن ئاجايىپ چوڭقۇر مەنىلىك خۇلاسىلەر چىقىرىش مۇمكىن ئەمەسمۇ!

بىز ئىككى سائەتتىن كېيىن شۇنداق خۇلاسە چىقاردۇق. كامىرىنىڭ ئىشىگى ئېچىلدى، چېخ ساقچىسىنىڭ شەپكىسىنى كىي ـ گەن بىرسى بېشىنى تىقىپ بىر قاردى ـ دە، ئىككى جاۋغىيى قۇلىغىغا يەتكۇدەك كۈلگەن ئېغىزدىن قاتتىق ئاۋاز چىقتى.

① Freistunde! ——

ئەمدى گۇمان قىلىشىمىزغا ئورۇن قالمىدى. ئارىلىقلاردىكى

---

① نېمىسچە: "دەم ئېلىڭلار!"

يېشىل كۆلرەك ئېسىئېسچى كىيىمى كىيگەنلەر ئارىسىدا بىرنەچچە قارا كىيىم كىيگەنلەر پەيدا بولۇپ، قالدى، بۇلار چېچەك ساقچىسى ئىدى.

خوش، بۇ نەرسە نىمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئۇلار ئۇزلىرىنى قانداق تۇتاركىن؟ ئۇلار ئۇزلىرىنى قانداق تۇتمىسۇن، ئۇ بەرىبىر، ئۇلار هازىر بۇ يەردە دىگەن گەپ، ئۇلارنىڭ بۇ يەردە پەيدا بولۇشىنىڭ ئۇزى مەسلىنى ئېنىق چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر گىتلېرچىلارنىڭ ئۇزلىرى ئۇچۇن بىردىن-بىر تايانچى بولغان رەھىمسىز قىرغىنچىلىق ئاپاراتىغا ئۇزلىرى قىرىپ يوقاتماقچى بولغان ممللەت كىشىلىرىنى كىرگۈزۇشكە مەجبۇر بولغان بولسا، ئۇلار ئورناتقان تۇزۇمنىڭ قانچىلىك زەئىپ ئىكەنلىگى مەلۇم-دە! ئەگەر ئۇلار ئۇزلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى زىمىنىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا بىرنەچچە لاياقەتسىز كىشىنى ئېلىشقا مەجبۇر بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ ئادەم يېتىشتۇرەلمەيۋاتقانلىغى ئەمەسمۇ! ئۇلار ئەمدى يەنە قانچىلىك ئومۇر سۇرمەكچى؟

ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى ئالاھىدە تاللىۋالىدىغانلىغى مەلۇم، ئېھتىمال، بۇ ئادەملەر غەلىبىدىن ئۇمىت ئۇزۇپ، ئادەت كۈچى بىلەن بېشى ئايلانغان نېمىس جىسەكچىلەردىن يامان بولۇشلىرى مۇمكىن، ئەمما چېخلارنىڭ بۇ يەرگە پەيدا بولۇشىنىڭ ئۇزى دۈشمەننىڭ تۈگىشىدىغانلىغىدىن ھېچ خاتاسىز دېرەك بېرىدىغان بەلگىدۇر.

بىز ئەنە شۇنداق مۇھاكىمە يۈرگۈزەتتۇق.

ئەمما ئىشنىڭ ئەملى ئەھمىيتى دەسلەپ بىز ئويلىغاندىكىدىن كوپ ئارتۇق ئىدى. ناتسىزىم تۈزۈمى ئەمدى ئۆزىگە كىشى تاللاپمۇ ئالالمايتتى، ھەم تاللىۋالغۇدەك ئادەمىنىڭ ئۆزىمۇ قالمىغان ئىدى.

11 - فېۋرال كۈنى بىز بىرىنچى قېتىم چېخ ساقچىسىنىڭ كىيىمدىكى كىشىلەرنى كوردۇق.

ئەتىسى بىز ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى بىلەنمۇ تونۇشۇشقا باشلىدۇق.

ئۇلاردىن بىرى كامىرىمىزنىڭ ئىچىگە قاراپ، ھەممىنى كوزدىن كەچۈرۈپ، بوسۇغا يېنىدا تۇرۇپ ئويلاپ قالدى، ئاندىن كېيىن غەيرىتى ئېشىپ كېتىپ، ئوغلاقتەك بىردىنلا ئالغا سەكرىدى ھەم جۇرئەتلىنىپ مۇنداق دىدى:

— خوش، قانداق ئەھۋالىڭلار جاناپلار؟

بىز ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردۇق. ئۇمۇ كۈلدى، كېيىن تارتىنغاندەك بولۇپ سوزلىدى:

— سىلەر بىزدىن خاپا بولماڭلار. بىزنى سىلەرگە جىسەكچى قىلىپ قويغاننىڭ ئورنىدا، باشقا ياقتا ئەۋەتكىنى تۈزۈك ئىدى...... ئامال قانچە. كىم بىلىدۇ دەيسىز......بەلكى ئاخىرى خەيرلىك بولار.

بىزنىڭمۇ بۇ توغرىلىق ئويلايدىغىنىمىزنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە بىزنىڭ كامىرىمىزنىڭ قانداق قارايدىغانلىغىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ ناھايىتى خوشال بولۇپ كەتتى. سوزنىڭ قىسقىسى، شۇ

بىرىنچى كورۇشتىلا ئۇنىڭ بىلەن دوستلىشىپ كەتتۇق. بۇنىڭ ئېتى ۋېتىك بولۇپ، 11 ـ فېۋرال كۈنى ئەتىگەنلىكى كامىرىمىزنىڭ ئىشىگىدىن لەپپىدە قىلىپ غايىپ بولغانمۇ مۇشۇ ئىكەن، بۇ بىر ئاددى ئاقكۆڭۈل ئادەم ئىدى.

بۇلارنىڭ ئىككىنچىسى — تۇما، بۇ چېخنىڭ كونا گۇندىپايلىرىنىڭ ھەقىقى تىپى ئىدى. قوپاللىراق ۋە تولا ۋاقىرايدىغان بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە كۆڭلى يۇمشاق ئادەم ئىدى. بىر ۋاقىتلاردا مۇنداقلارنى تۈرمىلەردە "تاغا" دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ ئۆز شارائىتىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى، ئەكسىچە، تۈرمىدە خۇددى ئۆز ئۆيىدىكىدەك ئىشلەيتتى. ئۆزىنىڭ پۈتۈن چاخچاق ئارىلاشقان ئاچچىق سوزلىرى بىلەن تەرتىپنى مەھكەم ساقلاشتىن كورە، ئۇنى بۇزۇشقا سەۋەپچى بولاتتى: ئايەردە بىر كامىرىغا نان بەرسە، ئىككىنچى كامىرىغا تاماكا كەلتۇرۇپ بېرىۋاتقان، مايەردە چېقىشىپ، تىنماي سوزلەۋاتقىنىنى كورىسەن (لېكىن سىياسەت توغرىسىدا ئاغزىنى ئاچمايتتى). ئۇ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى تارتىنمايلا قىلاتتى؛ چۈنكى ئۇ جىسەكچىنىڭ ۋەزىپىسى ئەنە شۇ دەپ چۈشەنسە كېرەك، شۇڭلاشقا ئۆزىمۇ ئۇنى ھېچكىمدىن يوشۇرمايتتى. ئۇ مۇشۇنداق قىلغىنىغا بىرىنچى قېتىم تەنبىھ يېگەندىن كېيىن بىرئاز ئېھتىيات قىلغاندەك بولدى ـ دە، لېكىن ئۆزگەرمىدى. بۇرۇنقىدەكلا "تاغا" بولۇپ قېلىۋەردى. بىرەر جىددىراق نەرسە توغرىسىدا ئۇنىڭدىن سوراشقا جۈرئەت قىلالمايتتۇق. ئەمما ئۇنىڭ نوۋىتى كېلىپ، جىسەكچى-

لىك قىلغاندا، ئۆزىمىزنى بىرقەدەر ئەركىن ھېس قىلاتتۇق.

ئۈچىنچىسى — دومسايغان ھالدا، ئۇن چىقارماي ۋە ھېچكىمگە قارىماي، ئارىلىقتا ئالدى-كەينىگە مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇشقا ئاۋايلاپ ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولساقمۇ، بۇنىڭغا نەزەر سالمىدى.

بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، بۇنى تازا ئوبدان بايقاپ يۈرگەن ئاتا: — بۇ لوڭقىدىن ھېچ نەرسە چىقمايدۇ. ھەممىدىن ئۆتكەن بېزەڭ ۋە ئەيۋەشكە كەلمەيدىغىنى مۇشۇ، — دىدى.

— ياكى ئۆتكەن قۇۋ، — دەپ ئەتەي قارشىسىغا ئېيتتىم. چۈنكى كامىرىدا پۈتۈن ھايات بولۇمىز ئوخشاش نەرسىلەر توغرىسىدا تالاش-تارتىش بىلەن ئۆتىدۇ.

ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئۈندىمەس ماڭا قاراپ بىر كۆزىنى مەنىلىك قىسقاندەك قىلدى. تۈرمىدە مىڭلىغان مەنىگە ئىگە بولغان بۇ ئېھتىياتسىزلىق بىلەن، ئۇنىڭغا مەنمۇ جاۋاۋەن كۆز قىسىپ قويدۇم. ئەمما بۇنىڭدىن ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى. يېڭىلىشقاندىمەنمۇ؟

بىر ئايدىن كېيىن ھەممىسى ئايدىڭلاشتى. بۇ ئىشنىڭ ئايدىڭلىششى خۇددى غوزەكتىن كېپىنەك چىققاندەك كۈتۈلمىگەن بىر يەردىن بولدى. بۇ كورۇمسىز، ھەركەتسىز "غوزەك" بىرلىدى-دە، ئىچىدىن جانلىق مەخلۇق چىقتى. بۇ كېپىنەك ئەمەس ئىدى، ئادەم ئىدى.

— يادىكار مۇنارى تىكلەيسەن، — دەيتتى ئاتا ھەمىشە مېنىڭ

بۇ شەخسلەرنى يېزىۋاتقىنىمنى كورگىنىدە.

ئەلۋەتتە، مەن بۇ يادىكار مۇنارلىرىنى تىكلەشنى خالايمەن، تۇرمىدە ۋە تۇرمىدىن تاشقىرىدا ۋىجدانى بىلەن باتۇرلارچە كۇرەش قىلىپ هالاك بولغان يولداشلارنىڭ ئۇنتۇلۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن. شۇنداقلا ئەڭ ئېغىر شارائىتتا بىزگە ۋىجدانى بىلەن باتۇرلارچە ياردەم بەرگەنلەردىن تىرىك قالغان كىشىلەرنىڭمۇ ئۇنتۇلۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن. كولىنىسكى ياكى ئەنە شۇ چېخ ساقچىسىغا ئوخشاشلارنىڭ ئىشلىرى پانكراتىس تۇرمىسىنىڭ قاراڭ-غۇ ئارىلىقلىرىدا قېپقالماستىن، يورۇق دۇنياغا مەلۇم بولۇشىنى تىلەيمەن. بۇلارنى ماختاش ئۇچۇن ئەمەس، باشقىلارغا نەمۇنە بولسۇن دەيمەن. ھەقىقى ئىنسانىيەتنىڭ ۋەزىپىسى هازىرقى ئۇرۇش تامام بولۇشى بىلەنلا تۇگىمەيدۇ، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۇچۇن قەھرىمان يۇرەك كېرەك؛ تا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئادەم قاتارىغا يەتكىچە بۇ يۇرەك ئىشتىن توختىماسلىقى كېرەك.

ھەقىقەتتە بۇ ئاددىيلا بىر تەرجىمىھال يەنى چېخ ساقچىسى يارۇسلاۋا گورانىڭ تەرجىمىھالى ئىدى. لېكىن سىز ئۇنىڭدىن بىر ئادەمنىڭ پۇتكۇل تارىخىنى كورەلەيسىز.

ئۇ رادىنىتسكو تۇغۇلغان. بۇ چېخوسلوۋاكىيىنىڭ ئەڭ چەتتە قالغان بىر بۇلۇڭى. چىرايلىق، خىلۋەت ۋە نامرات ئۇلكە. گورانىڭ ئاتىسى — ئەينەك زاۋۇدىنىڭ ئىشچىسى. تۇرمۇشى قىيىن. ئىش تاپسا ئۇنىڭ ئېغىرلىقى؛ ئىشسىز قالسا، قىيىنچىلىقنىڭ دەردى؛ يەنە كېلىپ ئىشسىزلىق دىگەن دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. مۇنداق ئېغىر

تۇرمۇش يا تىز پۈكـتۈرـدۇ، ياكى كىشـىنى يۈكسەلـدۈرۈپ، كوڭۈلدىكىدەك ياخشى دۇنياغا چىقىش ئارزۇسىنى، بۇنىڭغا يېتىـشىشكە مۇمكىن دېگەن ئىشەنچە ھىسلىرىنى تۇغدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرىشىشكە بەل باغلىتىـدۇ. ئاتىسى ئەنە شۇ كۈرەش يولىنى تاللىۋالدى. بىر كوممۇنىست بولۇپ قالدى.

ياش يارادا① ۋەلسىپىتچىلار كولونىسى بىلەن 1 ـ ماي نامايىشىغا قاتنىشىدۇ. ئۇنىڭ ۋەلسىپىتىنىڭ چاقلىرى ئەتراپىغا قىزىل لېنتىلار ئورالغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ لېنتىلارنى ئۇ زادى ئۇنتۇغىنى يوق. دەسلەپ ئىشخانىدا شاگىرت ۋە توكار بولۇپ، كېيىنرەك شكودا زاۋۇدىدا② ئىشلەپ يۈرگەنلىرىدىمۇ بۇ لېنتىنى كوڭلىدىن زادىلا چىقارماي، ساقلاپ يۈرگىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەيدۇ.

بوھران، ئىشسىزلىق، ئۇرۇش، ئىش ئىزلەش، ئاخىرى ساقچى بولۇش. بۇ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ قىزىل لېنتا ساقلانغان كوڭـلىدە نىملەر بولغانلىغىنى بىلمەيمەن. ئېھتىمال لېنتا تۇرۇلۇپ، قاتلىنىپ قالغان بولغىدى، ياكى سەل ـ پەل ئۇنـتۇلۇپ قالغانىمۇ بولغىدى. لېكىن يوقالمىغان ئىدى. كۇنلەردىن بىر كۇنى ئۇنى

---

① يالوسلوۋنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى.

② شۇ چاغدا چېخوسلوۋاكىيىدىكى مەشھۇر قورال ـ ياراق زاۋۇدى ئىدى، ھازىرقى سوتسىيالىستىك چېخوسلوۋاكىيىنىڭ ئېغىر تىپتىكى ماشىنىلار ۋە ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىدىغان بىرلەشمە كارخانىغا ئايلانغان.

پانكراتىس تۇرمىسگە خىزمەتكە تەيىنلىدى. ئۇ بۇ يەرگە ئالدىن ئويلانغان مەلۇم مەقسەت بىلەن كەلگەن كولىنىسكىغا ئوخشاش، ئوز ئىختىيارى بىلەن كەلمىدى، لېكىن ئۇ كامىرىنى دەسلەپ كورۇش بىلەنلا، ئوز ۋەزىپىسىنىڭ نىمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىگىنى چۈشىنىۋالدى. لېنتا يەنە قانات يايدى.

ئۇ جەڭ مەيدانىنى چارلىماقتا. ئوز كۈچىنى چاغلىماقتا. ئۇ قوشۇمىسىنى تۇرۇپ، ئەستايىدىل ئويلىنىدۇ: نىمىدىن باش-لاش كېرەك ۋە نىمىدىن باشلىسام ئوبدانراق بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئۇ سىياسەتنى ئوزىگە كەسىپ قىلغان كىشى ئەمەس. ئۇ — خەلقنىڭ ئاددى پەرزەنتى، لېكىن ئاتىسىنىڭ تەجرىبىسى ئۇنىڭ كوڭلىگە ئورناشقان. ئۇنىڭ كوڭلى تازا، شۇڭلاشقا ئۇنىڭدا باتۇرلۇق جۇرئەتى كۈچەيمەكتە. ئۇ ئاخىر بېلىنى باغلىدى. شۇنداق قىلىپ، كورۇمسىز غوزەك ئىچىدىن ئادەم چىقتى.

بۇ ساپ دىللىق ئادەم بولۇپ، سەگەك، چىچەن، پىششىق ۋە باتۇر ئىدى. ئۇنىڭدىن نىمە تەلەپ قىلىنسا ھەممىسىگە تەييار. ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ يوغىنىمۇ بار، كىچىگىمۇ بار. ئۇ چوڭ دىمەي، كىچىك دىمەي ھەممىسىنى ئورۇنلايدۇ. ئۇ گىدەيمەستىن، ئالدىرىماي، ئويلاپ، قورق-ماي ئىشلەيدۇ. ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەبى ئەھۋال دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە قەتئىيەتلىكنىڭ بارلىغى كورۇنۇپ تۇراتتى. ئەگەر شۇنداق قىلىش كېرەك ئىكەن، دىمەك، بۇ توغرىلىق سوزلەۋېرىشنىڭ نىمە ھاجىتى بار؟ —

دەيدۇ.

ئەسلىدە سىرنىڭ ھەممىسى مەشەدە. ئۇ بىرنەچچە ئادەمنى ئولۇمدىن قۇتۇلدۇرغان بۇنى ئۇنىڭ تۇھپىسى دەپ بىلىش مۇمكىن. بۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن تارىخى ئەنە شۇنداق. كىمدۇر بىرسى پانكراتىس تۇرمىسىدە ئۇزىنىڭ ئىنسانىيەتلىك ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاۋاتقاشقا، كىشلەر تىرىك، قامالماي ئىشلەپ يۈرمەكتە. بۇ ئۇلارنى بىلمەيدۇ، ئۇلارمۇ خۇددى كولنىسكىنى بىلمىگەندەكلا، بۇنىمۇ بىلمەيدۇ. كىچىكىپ بولسىمۇ شۇلارنىڭ مۇشۇ ئىككىسىنى بىلىۋېلىشلىرىنى خالايتتىم. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا بۇ يەردە دەرھال ئوز ئورنىنى تاپتى. مانا بۇنىڭ ئوزى ئۇلارنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنى ئارتتۇردى.

ئەقلى-ھوشى ئورنىدا، كىشلەر نەمۇنىسى بولغان بۇ ئادەملەرنى ئىسكىلاردىن چىقارماڭلار. بۇلارنىڭ ئەقللا ئورنىدا بولۇپ قالماي، يۈرىكىمۇ ئورنىدا.

## سكورپىيا بوۋاي

ئەگەر ئىسلىق يېشىل رەڭدىكى ئىپىئىپچى كىيىمنى كىيگەن كولنىسكىنى، قارامتۇ چېخ ساقچىسى كىيىمنى كىيگەن گورانى، چىرايى سورۇن، ئاقۇش رەڭدىكى قارا خىزمەتچىلەر كىيىمنى كىيىپ يۈرگەن سكورپىيا بوۋاي بىلەن بۇلارنىڭ

ئۇچىنى بىر يەردە تۇرغىنىنى كورسىگىز، چىن مەنىدىكى ھەقىقى دوستلۇق - بۇرادەرلىك ئالامەتلىرى كوز ئالدىڭىزغا كېلىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇچىنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ تۇرغىنىنى ناھايىتى شالاڭ كورىسىز. چۈنكى ئۇلار ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئىشلەيدۇ.

تۇرمە بەلگىلىمىسى بويىچە، ئارىلىقلارنى تازىلاش ۋە تاماق تارقىتىش ئىشلىرىغا پەقەت "ئالاھىدە ئىشەنچلىك ۋە ئىنتىزاملىق ھەم باشقا مەھبۇسلار بىلەن چېتىشلىغى يوق مەھبۇسلار"لا تەيىنلىنىدۇ. بۇ پەقەت يېزىقتىكىلا بەلگىلىمە. پەقەت ئۇلۇك بىر ماددا. مۇنداق قارا خىزمەتچى يوق ۋە ھىچقاچانمۇ بولمىغان. بولۇپمۇ مەخپى ساقچى ئىدارىسىنىڭ تۇرمىلىرىدە مۇنداقلار بولمايدۇ، ئەكسىچە، بۇ يەردىكى قارا خىزمەتچىلەر مەھبۇسلار كوللىكتىۋىنىڭ ئەركىن دۇنياغا يېقىنىراق بولۇش، ئۇنىڭ ھايات كەچۇرۇش ۋە ئەزالىرىنى بىرلەشتۇرۇش ئىشىنى تەمىن قىلىش مەقسىدىدە كامىرىلار-دىن ئەۋەتىلگەن چارلىغۇچىسىدۇر. بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى مۇۋەپپەقىيەتسىز ئورۇنلىغىنى ياكى خەت بىلەن تۇتۇلۇپ قالغان-لىغى ئۇچۇن قانچە قارا خىزمەتچىلەر ھالاك بولدى! لېكىن كول-لىكتىپ ئىنتىزامى شۇنداق قاتتىقكى، ھالاك بولغان كىشلەر ئورنىغا چىقىرىلغانلاردىن شۇ خەۋپلىك ئىشنى داۋام قىلدۇرۇشنى قەتئى تەلەپ قىلىدۇ، سىز ئىشنى يۇرەكلىك قولغا ئالامسىز ياكى قورقۇنچاقلىق قىلامسىز، بەرىبىر، تاپشۇرۇقنى ئورۇنلىماي ئىلا-

www.uyghurkitap.com

جىڭىز يوق. بۇ ئىشتا قورقۇنچاقلىق قىلىشمۇ، ھەرقانداق مەخپى ئىشقا ئوخشاشلا پەقەت ئىشنى بۇزۇشى. ھەتتا پۈتۈن ئىشنى بەربات قىلىشى مۇمكىن.

بۇ يەردىكى يوشۇرۇن ئىش ئىككى ھەسسە خەۋپلىك: بۇ يەردىكى يوشۇرۇن ئىش شۇنداق يوشۇرۇن ئىش ئېلىپ بارغۇچىلارنى يانچىپ تاشلاشقا ئىنتىلىدىغانلارنىڭ تومۇشۇغى ئاستىدا، جىسەكچىلەرنىڭ كوز ئالدىدا، ئۇلار بەلگىلەپ بەرگەن جايلاردا، ئۇلار بەلگىلىگەن سىكۇنتلاردا، شۇلار ياراتقان شارائىتتا يۈرگۈزۈلىدۇ. سىرتتا يۈرۈپ يوشۇرۇن ئىش ئىشلەشتە ئالغان تەجرىبىڭىز بۇ يەرگە كۆپايە قىلمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا قارىماي، سىزدىن تەلەپ قىلىنىدىغان سىرتتىكىدىن ئاز ئەمەس.

تۈرمە سىرتىدا يوشۇرۇن ئىش ئېلىپ بېرىشقا ماھىر ئادەملەر بار. قارا خىزمەتچىلەر ئىچىدىمۇ مۇنداق ئىشقا ماھىر ئادەملەر بار. سكورىپا بوۋاي ھەقىقەتتە ئوز ئىشىنىڭ ماھىر ئۇستىسى. ئۇ كەمتەر، ساددا، ئېغىر بېسىق بولغىنى بىلەن، ئەملىيەتتە ناھايىتى چەپدەس ئادەم. جىسەكچىلەر ئۇنى: "كۈن ـ تۈن دىمەي مۇنداق ئىشلەيدىغان كىشىنى تېپىش بولمايدۇ، پەقەت ئوز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشنىڭلا غېمىنى يەيدۇ. مەنئى قىلىنغان بىرەر ئىشقا ئۇنى ئاياق باستۇرالمايسەن. قارا خىزمەتچىلەر ھەممىڭلار ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئېلىڭلار!" دەپ تىنىماي ماختىشىدۇ.

ئەلۋەتتە، قارا خىزمەتچىلەر، ھەممىڭلار شۇنىڭدىن ئۈلگە

ئېلىڭلار! ئۇ بىز مەھبۇسلارنىڭ چۈشىنىشىچە ھەقىقەتەنمۇ ئۈل-گىلىك قارا خىزمەتچى. بۇ تۈرمە كوللېكتىۋىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئەڭ چاققان چارلىغۇچىسى.

ئۇ پۈتۈن كامېرلاردىكى مەھبۇسلارنىڭ ئولتۇرىدىغان جايىنى تونۇيدۇ، ھەر بىر كەلگەن يېڭى مەھبۇس توغرىسىدا كېرەك بولغان بارلىق گەپنى دەرھال بىلىۋالىدۇ: بۇ يېڭى مەھبۇسنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كېلىپ قالغىنىنى، شېرىكلىرىنىڭ كىملىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنى ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى قانداق تۇتۇۋالغىنىنى دەرھال بىلىۋالىدۇ، ئۇ "ھادىسىلەرنى" ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ تېگىگە چوكۇشكە تىرىشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىۋېلىش، كېرەك جايىدا ئۇلارغا مەسلىھەت بېرىش ياكى تاپشۇرۇقنى ئورنىدا قىلىپ ئورۇنلاشنى ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ.

ئۇ دۈشمەنلەرنى ياخشى بىلىدۇ. سكورپيا ھەر بىر جەسەك-چىنى راسا ئوبدان چېكىپ كورىدۇ، ئۇنىڭ ئادەتلىرىنى، ئۇنىڭ ئاجىز ۋە چىڭ تەرەپلىرىنى بىلىۋالىدۇ، قايسى جەسەكچى قايسى جەھەتتىن خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ ياخشىراق پايدىلىنىش مۇمكىنلىكىنى، قانداق قىلىپ ئۇنىڭ كوزىنى تېگىش كېرەكلىكىنى ئېنىقلىۋالىدۇ. مەن بۇ يەردە بىرنەچچە جەسەكچىنى تەرىپلەپ بەردىم. بۇ توغرىدىكى مەلۇماتلارنىڭ كوپىنى سكورپيا بوۋاينىڭ ئېيتقان سوزلىرىدىن ئالغانمەن. ئۇ جەسەكچىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ

ھەممىسىنى ئېنىق تەسۋىرلەپ بېرەلەيدۇ، ئەگەر ئۇ بىمالال تار-تىنماي ئارىلىقلاردا يۈرەكچى بولىدىكەن، ئەگەر ئۇ ئۆز ئىشىنى دىگەندەك يۈرگۈزگۈسى كېلىدىغان بولسا، بۇ نەرسىلەرنى بىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن زورۇر ئىدى.

ھەممىدىن ئاۋال ئۇ ئۆزىنىڭ قەرزىنى زادىلا ئۇنتۇمايدۇ. بۇ، پارتىيە ئەزاسى بولۇشتىن توختاپ، ئىككى قولىنى يانچۇققا سېلىپ ۋە ئۆز پائالىيىتىنى توختىتىشقا بولىدىغان يەرنىڭ زادىلا بولمايدىغانلىقىنى بىلىدىغان كوممۇنىستتۇر. مېنىڭچە، ھەتتا شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، ھېساپسىز خەۋپلىك ۋە شەپقەتسىز تېررورلۇق ھوكۇم سۈرۈپ تۇرغان بۇ شارائىتتا، ئۇ ھەقىقى ئورنىنى تاپتى. ئۇ مۇشۇ شارائىتتا ئۆسۈپ يېتىشتى.

ئۇ چاققان ۋە زىرەك. ھەر كۈنى ۋە ھەر سائەتتە يېڭى ۋەزىيەت پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ يېڭىدىن-يېڭى ئۇسۇللارنى تەلەپ قىلىدۇ. سكورپىيا دەرھال شۇ ئۇسۇلنى تاپىدۇ. ئۇنىڭ بىرنەچچە سېكۇنتلا ۋاقتى بار. ئۇ كامېرلارنىڭ ئىشىگىنى ئاستا تاقىلىدى-تىدۇ، ئالدىن تەييارلىنىپ قويۇلغان تاپشۇرۇقلارنى ئاڭلى-ۋېلىپ، يېڭى كېلىۋاتقان نوۋەتچىلەر ئىككىنچى قەۋەتكە چىققىچە، شۇ تاپشۇرۇقنى ئارىلىقنىڭ ئۇ چېتىدىكى كامېرىغا قىسقا ۋە ئۆچۇق قىلىپ يەتكۈزۈپ ئۈلگۈرىدۇ. ئۇ ناھايىتى ئېھتىياتلىق ۋە تاپقۇر. يۈز-يۈزلىگەن خەتلەر شۇ ئارقىلىق باشقىلارنىڭ قولىغا تەگدى. لېكىن بىرسىنىمۇ تۇتقۇزمىدى، ھەتتا ئۇنىڭغا ھېچكىم گۇمانمۇ قىلغان ئەمەس.

ئۇ كىمنىڭ قانداق دەردى بارلىقىنى، قەيەردە ياردەم بېرىش كېرەكلىكىنى، تۇرمىدىن تاشقىرىدىكى ئەھۋال توغرىسىدا بولغان مەلۇماتنىڭ كېرەكلىكىنى، ئۇمىتسىزلىككە چۈشۈپ غەمكىن بولۇپ ياتقانلارغا ھەقىقى ئاتىلارچە مېھرى كوزى بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ كوڭلىنى كوتىرىشنى، دەسلەپ تۇرمە تامىقىغا توزمەي ياتقانلارغا بىرئاز ئوشۇقچە نان ياكى بىر ساپلىق شورپا بېرىپ، ئۇنى ئېغىر ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى بىلىدۇ، ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىدۇ، ئۇ بۇلارنى ئوزىنىڭ ئوتكۇر سەزگۈرلۈگى ۋە بېشىدىن كەچۈرگەن تەجرىبىسى بىلەن بىلىدۇ ھەم شۇنىڭغا مۇۋاپىق ھەركەت قىلىدۇ.

ئۇ كۈچلۈك ۋە قورقماس جەڭچى. ساپ ئادەم. سكورىپا بوۋاي مانا شۇنداق ئادەم.

بىر كۈنلىرى مۇشۇ يېزىلغان سەھىپىلەرنى ئوقۇغۇچىلار مەن تەسۋىرلەپ يازغان بۇ سۈرەتلەردىن يالغۇزلا سكورىپا بوۋاينىلا كورمەي، بەلكى شۇنداقلا زالىملار تاپشۇرغان ئىشنى مەزلۇملەر پايدىسىغا قىلىپ ئورۇنلاشقا مۇۋاپىق بولغان "مەھبۇسلاردىن تەيىنلەنگەن قارا خىزمەتچىلەرنىڭ" ئاجايىپ تىپلىرىنىمۇ كورۇشنى تىلەيتتىم. سكورىپا بوۋاي مانا شۇلارنىڭ بىرسى. كورۇنۇش-لىرى بىر بىرىگە ئوخشىمىغان ئەمما شۇنىڭغا ئوخشاش چوڭ ئىشلارنى ئارتقۇرغان باشقا ئوبدان "خىزمەتچىلەر"مۇ كوپ ئىدى. مۇنداقلار پانكراتسىمۇ ۋە پىتچىك سارىيىدىمۇ بار ئىدى. مەن بۇلارنىڭ سۈرەتلىرىنى سىزىپ بەرمەكچى ئىدىم، ئەمما ئەپ-

سۇسكى، پەقەت بىرنەچچە سائەتلا ۋاقتىم قالدى، بۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزى ھەتتا "تۇرمۇشتا ئالدىرىماي يۈز بېرىدىغان ۋەقەلەرنى ناھايىتى چاپسان ئېيتىپ بېرىدىغان ناخشا" ئۇچۇنمۇ يەتمەيدۇ.

ھېچ بولمىغاندا مۇنداقلارنىڭ بىرنەچچىسىنىڭ ناملىرىنى ۋە بىرنەچچە مىسالىنىلا ئېيتىپ ئۆتەي، ئۇلار مەڭگۈ يادلاشقا ئەرزىيدىغان سانسىز كىشىلەرنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمى.

دوختۇر مىلوش نىدۋىد — ئاجايىپ ياخشى، ئالىجاناپ يىگىت، مەھبۇسلارغا كۆڭۈلدىكىدەك ياردەم بېرىپ تۇرغانلىقى ئۇچۇن قولغا چۈشۈپ، ئوسۋېنسىمدا ھالاك بولدى.

ئارنۇشت لورىنتس — ئۆز يولداشلىرىنى ئېيتىپ بېرىشتىن باش تارتقانلىقى ئۇچۇن، ئۇنىڭ ئايالىنى ئۆلتۈردى. بىر يىلدىن كېيىن، ئۇ "400 — "دىكى قارا خىزمەتچىلەرنى ۋە پۈتكۈل تۈرمە كوللېكتىۋىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، بېشىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردى.

ھېچ ۋاقىتتا كۆڭۈلسىزلىنىشنى بىلمەي، ئوتكۈر چاخچاقلارنى قىلىپ يۈرىدىغان ۋاشىك رىزاك؛ ھەربىر ھالەت ۋاقتىدا ئۆلتۈرۈلگەن، ھەر ئىشنى جان ـ دىلى بىلەن پىداكارانە ئورۇنلايدىغان ئانكا ۋىكاۋا؛ روھلۇق ......①؛ قاچانلا بولسا خۇش خۇي يۈرىدىغان، ئوتكۈر ۋە دائىم يېڭىلىق يارىتىپ تۇرىدىغان "كۈتۈپخانا خىزمەتچىسى" شپىرىنگىر؛ تارتىنچاق ياش يىگىت بىلىك.

---

① قۇچىكنىڭ قولىيازمىسىدا بۇ يەر قۇرۇق قالدۇرۇلغان. — ئەسلى ئىزاھات



www.uygurkitap.com

بۇلار پەقەتلا مىسال، پەقەتلا مىسال. بۇلارنىڭ ئىچىدە چوڭ ئىشلارنى قىلغانلارمۇ بار، كىچىك ئىشلارنى ئورۇنلىغانلارمۇ بار. ئەمما بۇلار ھەرگىز قونچاقلار ئەمەس، بەلكى مەڭگۈ يوقالماس ھەيكەللەر ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# سەككىزىنچى باپ

## قىسقىچە تارىخ

1943 ـ يىــل، 9 ـ ئىيۇن.

كامىرىنىڭ ئىشىگى ئالدىدا پوتا ئىسقىلىق تۇرىدۇ. مېنىڭ پو-تام. دىمەك مېنى بۇ يەردىن باشقا ياققا ئەۋەتىدۇ. بۇگۈن كېچە مېنى سوتلاش ئۈچۈن ئىمپېرىــيە سوتىــغا ئېپكېتىدۇ..... ئىش شۇنداق. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى پارچىسىنى ئاچلىقــمۇ غاجىلىماقتا. پانكراتستا ياتقان توت يۈز بىر كۈن كوزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىك بىر ۋاقــت ئىچىدە ئۆتۈپ كەتــتى. يەنە نەچچە كۈن قالدىكى؟ مەن بۇ كۈنــلەرنى قەيەردە ھەم قانــداق ئۆتكۈزەرمەنكى؟

بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا يېزىشقا مۇمكىنچىلــك بولۇشى بەلگە-سىز، ئاخىرقى سوزلىرىمنى يېزىۋاتىمەن. بۇ قىسقىچە تارىخنىڭ كېيىنكى تىرىك گۇۋاچىسى ئۆزەم بولسام كېرەك.

............

1941 ـ يىلى فېۋرالدا چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيە-سى مەركىزىي كومىتېتىــنىڭ ئەزالىــرى تۇگەل قامالــدى، ھەتتا

ئۇلار تۇتۇلۇپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئىزىدا رەھبەرلىك قىلىدۇ دەپ بەلگىلەپ قويۇلغانلارمۇ بىللە قاماققا ئېلىندى. پارتىيىنىڭ مۇنداق قاتتىق زەربىگە ئۇچرىشىغا نېمە سەۋەپ بولغانلىقى مۇشۇ كۈنگىچە ئېنىق مەلۇم ئەمەس. بۇ توغرىلىق كېيىنرەك مەخپىي ساقچىنىڭ كاتتىۋاشلىرى سوت ئالدىغا كەلگەندە ئېيتىپ بېرەر بەلكى. مەنمۇ پېتچىك سارىيىدىكى قارا خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش بۇ ئىشنىڭ سىرىنى ئېنىق بىلىشكە ئۇرۇنغان ئىدىم، بىراق بۇ بىكار ئىكەن. ئەلۋەتتە بۇ ئىشقا جاسۇسلار بۇزغۇنچىلىق قىلماي قالمىدى، ئەمما شۇنداقلا ئېھتىياتسىزلىقمۇ ئوز رولىنى ئوينىدى. ئىككى يىللىق يوشۇرۇن خىزمەت مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، بەزى يولداشلار ھوشيارلىقنى بىرقەدەر بوشتىپ قويدى. يەر ئاستى تەشكىلات كېڭىيىپ، يېڭىدىن-يېڭى كىشىلەر، جۇملىدىن ۋاقتىنچە نامزات قىلىپ ساقلاشقا تېگىشلىك كىشىلەرمۇ ئىشقا سىڭىندى. پارتىيە ئاپپاراتى كېڭىيىپ، ھەتتا ئۇنى تىزگىنلەپ تۇرۇشمۇ قىيىن بولۇپ قالدى. پارتىيە مەركىزىگە زەربە بېرىش كوپتىن بېرى تەييارلانغان بولسا كېرەك، نېمىسلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىشتىن سەل ئىلگىرى بۇ زەربە بىرگە كېلىپ تەگدى.

مەن باشتا قاماققا ئېلىشنىڭ قانچىلىك دائىرىدە بولغانلىقىنى بىلمىگەن ئىدىم. مەن بىزنىڭ ئادەتتىكى ئالاقىچىمىزنىڭ كېلىشىنى كۈتتۈم، لېكىن ئۇ كەلمىدى. ئارىدا بىر ئاي ئوتتى؛ دېمەك ناھايىتى جىددى بىر ھادىسە بولغانلىقى تازا روشەن بولدى. ئەمدى ئارتۇق كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا ھەققىم يوق. ئالاقىنى

ئۆزەم ئىزلەشكە كىرىشتىم. باشقا يولداشلارمۇ شۇنداق قىلىشتى.

مەن ھەممىدىن ئاۋال گۇنزا ۋىسكۇچىلنى تاپتىم. ئۇ چېخوسلوۋاكىيىنىڭ مەركىزىي رايونلىرىدىكى ئىشلارغا رەھبەرلىك قىلاتتى. ئۇ ئىجاتچان ئادەم ئىدى. ئۇ «قىزىل ھوقۇق گېزىتى»گە چىقىرىش ئۈچۈن بىرمۇنچە ماتېرىيال توپلىغان ئىكەن، پارتىيىنىڭ مەركىزىي ئورگان گېزىتى بولمىسا بولمايتتى. مەن بىر باش ماقالا يازدىم، لېكىن بىز ئىككىمىز بارلىق بۇ ماتېرىياللارنى (شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇ ماتېرىياللارنى مەن تېخى كورمىگەن ئىدۇم) «قىزىل ھوقۇق گېزىتى»نىڭ ئۆز سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى 1-مايغا بېغىشلانغان ۋاراقە سۈپىتىدە چىقارماقچى بولدۇق، چۈنكى يولداشلىرىمىزنىڭ باشقا بىر گۇرۇھى ئاددى بولسىمۇ، ھەر ھالدا «قىزىل ھوقۇق گېزىتى»نى چىقارغان ئىدى.

ئىشنى پارتىزانلىق ئۇسۇلى بىلەن ئېلىپ بېرىش ئايلىرى كېلىپ قالدى. لېكىن پارتىيە قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، بۇ زەربە ئۇنى يوق قىلالمىدى. يۈزلىگەن يېڭى يولداشلار پۈتمەي قالغان تاپشۇرۇقلارنى ئورۇنلاشقا بەل باغلىدى. ھالاك بولغان يولداشلارنىڭ ئورنىنى باشقىلار باستى ھەم ئۇلار تووەندىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تارقىلىپ كېتىشى ياكى ئۇلارنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى ۋە پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا يول قويمىدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ بىر مەركەزدىن رەھبەرلىك قىلىش تېخى يوق ئىدى، پارتىزانلىق ئۇسۇلى بىلەن

يۇرگۈزۈلگەن ئىش ناھايىتى زور خەۋپ كەلتۈرەتتى. چۈنكى بۇنداق ئەڭ مۇھىم بىر پەيتتە ــ نېمىس قاراقچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، بىزنىڭ ھەركىتىمىزدە بىرلىك بولماي قېلىش خەۋپى بار ئىدى.

پارتىزانلىق تەرتىپتە چىقىرىلىپ، مېنىڭ قولۇمغا تەككەن «قىزىل ھوقۇق گېزىتى»نىڭ سانلىرىنى ئوقۇغىنىمدا، بۇ ئىشقا سىياسىي جەھەتتىن تەجرىبىلىك كىشى رەھبەرلىك قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. 1 ـ مايغا بېغىشلاپ چىقارغان ۋاراقىمىز ئۈنچە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقمىغان بولسىمۇ، باشقا يولداشلىرىمىز ئۆز نوۋىتىدە بۇ ۋاراقىدىن ئارىمىزدا كىمدۇ بىر سۆيۈنگۈدەك كىشىنىڭ بارلىقىنى كوردى. شۇڭلاشقا بىز بىر بىرىمىزنى ئىزلەشكە باشلىدۇق.

بىز خۇددى قويۇق ئورمانلىقتا قالغاندەك ئادىشىپ يۈردۇق. بىز ئاۋاز چىققان ياققا قاراپ ماڭاتتۇق. لېكىن ئۇ يەنە باشقا ياقتىن ئاڭلىناتتى. زور يوقىتىشلار پارتىيىمىزنى تېخىمۇ ئېھتىياتلىق ۋە ھۇشيار بولۇشقا ئۈگەتتى، شۇڭلاشقا ئەگەر مەركىزىي ئاپاراتقا مەنسۇپ بولغان ئىككى كىشى بىر بىرسى بىلەن ئالاقە باغلىماقچى بولسا، ئۇلارنىڭ بىر بىرسىنى تېپىشلىرى ناھايىتى قىيىن ئىدى، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى قويغان سانسىز تەكشۈرۈش ۋە ئېنىقلاش زورۇر بولغان توسالغۇلاردىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. ئالاقە باغلاش شۇ قەدەر مۇرەككەپ ئىدىكى، ئىزلەپ يۈرگەن كىشىمنى بىلمەس ئىدىم، ئىزلەپ يۈرگەن كىشى

مېنىڭ كىم ئىكەنلىگىمنىمۇ بىلمەس ئىدى.

ئەڭ ئاخىرى بىز ئۇمۇمى ئالاقىچى كىشىنى تېپىۋالدۇق. بۇ ئاجايىپ ياخشى يولداش، دوختۇر ملوش نىدۋىد بولۇپ، ئۇ بىزنىڭ بىرىنچى ئالاقىچىمىز بولۇپ قالدى. ئەمما بۇ ئىش بىرقەدەر تۈيۈقسىز بولدى. 1941 ـ يىلى ئىيۇن ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاغرىپ قېلىپ، لىدىنى شۇ دوختۇرغا ئەۋەتتىم. بۇ دەرھال باكسىلارنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى، مانا بىز شۇ يەردە كېلىشىۋالدۇق. ئۇنىڭغا ھېلىقى "باشقا" كىشىنى تېپىش تاپشۇرۇلغان ئىكەن، شۇ "باشقا" كىشىنىڭ مەن ئىكەنلىگىمگە ئۇ گۇمان كەلتۈرگىنىمۇ يوق. ماڭا مەلۇم بولمىغان گۇرۇھلاردىكى ھەممە يولداشلارغا ئوخشاشلا، ئۇمۇ مېنى قاملىپ كەتتى دەپ يۈرگەن ئىكەن، ھەتتا مېنى ئۆلدىگە چىقىرىپمۇ قويغان ئىكەن.

1941 ـ يىلى 22 ـ ئىيۇن كۈنى گىتلېر سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلدى. نەق شۇ كۈنى ئاخشىمى بىز گۇنىزا بىلەن بۇ ئۇرۇشنىڭ ئېلىمىز ئۈچۈن قانداق تەسىر قىلىدىغانلىغىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ۋاراقە چىقاردۇق. 30 ـ ئىيۇن كۈنى مەن كوپىتىن بېرى مەن ئىزلەپ يۈرگەن كىشىم بىلەن ئۇچراشتىم، ئۇ كىم بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىغىنى بىلگەن ھالدا، مەن بەلگىلەنگەن جايغا كەلدى. ئەمما مەن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىگىنى تېخى بىلمەيتتىم. ياز كېچىلىرى، گۈللەنگەن ئاكاتسىيىلەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى ئۇچۇق دەرىزىدىن پۇرقۇرۇپ كىرىپ تۇرغان، بولۇپمۇ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئۇچرىشىشىغا تولىمۇ ئەپلىك پەيت ئىدى.

بىز دەرىزىنىڭ پەردىسىنى چۈشەردۇق ـ تە، چىراق يېقىپ، قۇچاقلىشىپ كورۇشتۇق. بۇ گۇنزا زىنكا ئىدى.

ئەسلىدە 1941 ـ يىلى فېۋرال ئېيىدا مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىلا قاماقىقا ئېلىنىمغان ئىكەن. مەن ئۇنى كوپتىن بېرى بىلەتتىم ۋە ياخشى كورەتتىم. ئەمما مەن ئۇنى ھازىر بىللە ئىشلەشكە باشلىغىنىمىزدىن كېيىن تازا يېقىندىن تونۇدۇم. دۇگىلەك يۇزلۇك، ھەر زامان كۇلۇمسىرەپ تۇرىدىغان، ئۇچىۇق كوڭۇل، شۇنىڭ بىلەن بىللە قەتئىي، پىداكار، قايىتماس، پارتىيە ئىشىدا مۇرەسسەچىلىككە يول قويىمايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئوزى ئۇچۇن پارتىيە تاپشۇرغان ۋەزىپىدىن باشقا نەرسىنى يۇقۇرى نەرسە دەپ بىلمەيتتى ۋە بىلگۇسىمۇ كەلمەيتتى. ئۇ بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشقا توسقۇنلۇق قىلىش مۇمكىن بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلاتتى. زىنكا كىشىلەرنى ياخشى كورەتتى، ئوز نوۋىتىدە ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىدىنمۇ پايدىلىناتتى، لېكىن ئۇ ھېچقاچان بۇ مۇھەببەتكە پىرىنسىپسىز كوڭۇلچەكلىك قىلىش بىلەن يېتىشكەن ئەمەس.

بىز ئىككى مىنۇتتىلا بىر پىكىرگە كەلدۇق. بىرنەچچە كۇندىن كېيىن، زىنكا بىلەن ماي ئېيىدىلا باغلىنىش ياسىغان يېڭى رەھبەرلىكنىڭ ئۇچىنچى ئەزاسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىۋالدىم. بۇ گۇنزا چورنى بولۇپ چىقتى؛ ئىگىز بويلۇق بۇ چىرايلىق يىگىت شالاڭ ئۇچرايدىغان ياخشى يولداشلاردىن ئىدى؛ ئىسپانىيىدە ئۇرۇشتا بولۇپ، ئوپكىسىگە ئوق تېگىپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇش ۋاقتىدىلا گېرمانىيە ئارقىلىق قايتىپ كەلگەن؛ ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقىدا ئەسكەرلىكنىڭ قالدۇقلىرى ساقلانغان بولۇپ، مەخپى كۈرەش ئېلىپ بېرىش ئىشىدا باي تەجرىبىگە ئىگە بولغان قابىلىيەتلىك ۋە ئىجاتچان كىشى ئىدى.

قىزىق كۈرەش بىلەن ۋە ساپ دوستلۇق بىلەن ئۆتكەن ئايلار بىزنىڭ بىرلىكىمىزنى تېخىمۇ چىڭىتتى. بىز خۇلۇق ۋە قابىلىيەت جەھەتتىن بىر بىرىمىزنى تولۇقلايتتۇق. زىكا چىنىق- قان تەشكىلاتچى، چىن كۆڭۈل ۋە ھەر بىر ئىشنىڭ ئۇششاق تۈگۈچىنى قويماي پىششىق ئورۇنلىنىشىنى تەلەپ قىلىدىغان ئادەم بولۇپ، ئۇنى ھېچكىم ئالدىيالمايتتى. ئۇ قانداقلا خەۋەر بولمىسۇن، ئۇنى تۈپ يىلتىزىغا يەتكۈزۈپ، سىنچىلاپ، تەكشۈ- رۈپ چىقاتتى؛ ھەر بىر تەكلىپنى ھەر تەرەپلىمە مۇزاكىرە قىلىپ، بىزنىڭ ھەر بىر قارارىمىزنىڭ ئورۇنلىنىشىغا قەتئىي كۆز تىكىپ ئولتۇراتتى. ئىش ئاقسىتىش ۋە تەييارگەرلىك ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغۇچى چورنى ھەر بىر ئىشقا ھەربىچە قاراش بىلەن قارايتتى. روھلۇق، هارماس ئىدى، يېڭى-يېڭى خىزمەت ئۇسۇللىرىنى ۋە يېڭى-يېڭى كىشىلەرنى تېپىشقا ماھىر ئىدى. ئاخىردا تەشۋىقاتچى - تەرغىباتچى ۋە ژورنالىست، ئۆزەمنىڭ سەزگۈرلۈگۈمگە تايىنىدىغان، بىرئاز خىيالپەرەست، ئىشنى تەكپۈكلاشتۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈن بىرئاز تەنقىتچىلىكىمۇ قىلىپ تۇرىدىغان مەنمۇ بار ئىدىم.

ۋەزىيە بولۇشۇۋېلىشتا، ئىشنى بولۇشۇۋېلىشقا قارىغاندا

جاۋاپكارلىقنى بولۇشۇۋېلىش تۈزۈكرەك بولدى. بىزنىڭ ھەر
بىرىمىزگە ھەممىلا ئىشقا ئارىلىششقا ۋە لازىم بولغان جايلارنىڭ
ھەممىسىدىلا مۇستەقىل ھەركەت قىلىشقا توغرا كېلەتتى.
ئىشلەش يېنىك ئەمەس ئىدى. فېۋرال ئېيىدا پارتىيىمىزگە
كەلتۈرۈلگەن جاراھەت تېخى ئۈنتۈلمىغان ۋە ساقايمىغان ئىدى.
ھەممە ئالاقىلەر ئۈزۈلگەن، بەزى تەشكىلاتلار تامامەن تارقال-
غان، ساق قالغانلىرى بىلەن ئالاقە قىلىش يوللىرى ئۈزۈلگەن
ئىدى. ئالاقە ئىشلىرىنى يولغا قويغىچە پۈتۈن تەشكىلاتلار،
پۈتۈنلەي زاۋۇتلار، ھەتتا قايسىبىر ۋاقىتلاردا پۈتۈن رايونلار
بىرنەچچە ئايلاپ مەركەزدىن ئۈزۈلۈپ قالغان ۋاقىتلار بولدى.
بىزدە ئەڭ بولمىغاندا «قىزىل ھوقۇق گېزىتى» شۇ جايلارغا
بېرىپ، رەھبەرلىكنىڭ ئورنىنى باسار دەپ ئىشىنىپلا قالغان
ئىدى. ئۇچرىشىدىغان جايلارمۇ قالمىغان ئىدى. — بىزنىڭ
كەينىمىزدىن قاراپ يۈرىدۇ دىگەن خەۋپ بىلەن كونا جايلاردىن
پايدىلىنالمايتتۇق. باشتا خىراجەت قىلغۇدەك قولىمىزدا پۇلمۇ
بولمىدى؛ ئوزۇق-تۈلۈك تېپىش ناھايىتى تەس ئىدى، كوپ
نەرسىلەرنى يەنە يېڭىۋاشتىن باشلاش كېرەك ئىدى. بۇ ئېغىر-
چىلىقلارنىڭ ھەممىسى — پارتىيە ئەمدى يالغۇز بىر ھازىرلىق ئىشى
بىلەن چەكلىنىپ قالالمايدىغان كۈنلەردە بولدى. سوۋېت ئىتتى-
پاقىغا گىتلېر ھۇجۇم قىلغان كۈنلەردە، پارتىيە ئۇنىڭغا قارشى
توغرىدىن-توغرا ئۇرۇش قىلىپ، باسقۇنچىلارغا قارشى ئۇنىڭ
ئارقا سېپىدە ئىچكى جەڭ مەيدانى تەشكىل قىلىپ، ئوزىنىڭلا

كۈچى بىلەن ئەمەس، شۇنداقلا پۈتۈن خەلق كۈچى بىلەن "كىچىك ئۇرۇش" يۈرگۈزۈش كېرەك بولغان كۈنلەردە — پارتىيىنىڭ بېشىغا چۈشۈپ تۇرغان ئېغىرچىلىقلار ئىدى. پارتىيە 1939 — 1941 - يىللىرىدىكى ھازىرلىق كورۇش مەزگىلىدە ناھايىتى چوڭقۇر مەخپىي ئىشلەش يولىغا كوچۇپ، نېمىس ساقچىسىدىنلا ئەمەس، ھەتتا خەلقتىنمۇ يوشۇرۇنۇپ ئىشلەيدىغان بولدى. ئەمدىلىكتە نۇرغۇن چىقىمغا ئۇچراپ، ياردارلانغان پارتىيە ئىشغالىيەتچىلەردىن يوشۇرۇنۇپ ئىشلەشنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۇرۇپ، خەلقتىن يوشۇرۇنۇپ ئىشلەشنى ئاشكارا ئىشلەشكە ئايلاندۇرۇش، پارتىيە سىرتىدىكىلەر بىلەن ئالاقە باغلاش، پۈتۈن خەلققە مۇراجەت قىلىش، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەشكە تەييار بولغان ھەر بىر كىشى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش ۋە ئارىسالدا بولۇپ تۇرغانلارنى ئۆزىنىڭ قەتئىي ئۈلگىسى بىلەن كۈرەشكە يېتىلەشكە تېگىشلىك ئىدى.

1941 - يىلى سېنتەبىر ئېيىنىڭ باشلىرىدا بىز تېخى قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان تەشكىلاتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدۇق دەپ ئېيتالمايتتۇق، ئۇنىڭغا تېخى ئۇزۇن ئىدى، لېكىن ئۇنىڭغا قارىماي، قىسمەن بولسىمۇ چوڭ-چوڭ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشقا قابىلىيەتلىك، پۇختا ئۇيۇشقان يادرو بار ئىدى. پارتىيە پائالىيىتى كوزگە كورۇنەرلىك جانلىنىپ كەتتى. زاۋۇتلاردا ئىش ئاقسىتىش ۋە ئىش تاشلاش ئىشلىرىنىڭ سانى كوپەيگىلى تۇردى. سېنتەبىر ئېيىنىڭ ئاخىرىدا بېرلىن بىزگە

قارشى گىدىرىخنى قويۇۋەتتى.

بىرىنچى ھەربىي ھالەت ئۇسۇۋاتقان پائال قارشىلىقنى يىمىرەلمىدى، ئەمما ئۇنى ھالسىزلاندۇردى ۋە پارتىيىگە يېڭى زەربە بەردى. پراگا پارتىيە تەشكىلاتى ۋە ياشلار تەشكىلاتى قاتتىق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. پارتىيە ئۇچۇن ناھايىتى قىممەتلىك يېڭى خادىملاردىن: يان كرىچى، شتانىسل، مىلوش كراسنى ۋە باشقا نۇرغۇنلار ھالاك بولدى.

لېكىن ئەنە شۇنداق ھەر بىر زەربىدىن كېيىن، پارتىيىنى يىمىرىپ بولمايدىغانلىقىنى كوز بىلەن كورۇشكە بولاتتى. ناۋادا پارتىيىنىڭ بىر جەڭچىسى يىقىلغان ئىكەن، ئۇنىڭ ئورنىنى باسقۇدەك يەنە بىر جەڭچى بولمىسا، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككى-ئۇچ جەڭچى بېسىپ تۇردى. يېڭى 1942-يىلىغا بىز مۇستەھكەملەنگەن تەشكىلات بىلەن كىردۇق. ئەلۋەتتە، ئۇ تېخى ئىشنىڭ پۇتۇن تارماقلىرىنى ئوز ئىچىگە ئالالمىغان ۋە 1941-يىل فېۋرال ئېپىدىكى مىقياسقا يېتىشكە يىراق بولسىمۇ، لېكىن ھەل قىلغۇچى جەڭلەردە پارتىيە ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشقا قابىلىيەتلىك بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ تەشكىلاتنى ۋۇجۇتقا كەلتۇرۇشتە بىز ئۇچىمىز ئىشلىدۇق. لېكىن ئاساسىي توھپە گۇنزا زىكاغا تېگىشلىك.

بىزنىڭ مەتبۇئاتىمىزنىڭ قانداق تەرىقىدە ئوز ئورنىغا كەلتۇرۇلگەنلىگى توغرىسىدا ئېھتىمال يولداشلىرىمىزنىڭ تام-تورۇس ۋە يوشۇرۇن ئارخىپلاردا ساقلىغان ماتېرىياللىرىدىن

كورگىلى بولىدۇ. بۇ توغرىلىق مېنىڭ سوزلەپ ئولتۇرۇشۇمنىڭ ھاجىتى يوق.

بىزنىڭ گېزىتلىرىمىز كەڭ تارقىلىپ تۇردى، بولارنى پەقەت پارتىيە ئەزالىرىلا ئەمەس، ھەتتا پارتىيىسىزلەرمۇ ئىزدىنىپ ئوقۇدى. گېزىتلىرىمىز كوپ نۇسخىدا چىقىپ تۇردى ۋە بىر بىرىدىن تازا پۇختا قىلىپ ئاجرىتىلغان بىرقانچە مۇستەقىل مەخپى باسمىخانىلاردا ــ كوپەيتىدىغان ئاپاراتلاردا ۋە رەسمىي باسما ماشىنىلىرىدا بېسىلىپ تۇردى. شارائىت شۇنى تەلەپ قىلغاچقا، گېزىتلەر مۇنتىزىم ھالدا ۋە چاپسان چىقىرىلىپ تۇردى. مەسىلەن، يولداش ستالىننىڭ 1942 ـ يىلى 23 ـ فېۋرال-دىكى ئارمىيە بويىچە چىقارغان بۇيرۇغىنى بىرىنچى مۇشتىرىلەر 24 ـ فېۋرال كۇنى ئاخشىملا ئوقۇدى. گېزىت باسقۇچىلىرىمىز، دوختۇرلار گۇرۇپپىسى ۋە بولۇپمۇ ”فوكسلورىنس“ گۇرۇپپىسى ناھايىتى ياخشى ئىشلىدى، بۇ گۇرۇپپا بۇنىڭدىن باشقا ”پۇتۇن دۇنيا گىتلېرغا قارشى“ دېگەن نام بىلەن خەۋەر چىقىرىپ تۇراتتى. ئادەم كۇچىنى تېجەپ قېلىش ئۇچۇن، قالغان خىزمەت-نىڭ ھەممىسىنى ئوزەم ئىشلەپ كەتتىم. مەن قولغا چۇشۇپ كەتكۇدەك بولۇپ قالسام، مېنىڭ ئورنىمنى باسىدىغانغا كىشى ھازىرلاپ قويدۇم. مەن قامالغاندا ئۇ كىشى مېنىڭ ئىشىمنى داۋاملاشتۇردى ۋە ھازىرمۇ ئىشلەۋاتىدۇ.

ھەرقانداق ۋەزىپىنىڭ مۇمكىن قەدەر ئاز كىشى بىلەن ئورۇنلىنىشى ئۇچۇن، بىز ئەڭ ئاددى ئاپارات تۇزدۇق. بىز

ئالاقە تۇرغۇچىلىرىنى قىسقارتتۇق، چۈنكى 1941 ـ يىلى فېۋرال-دىكى ۋەقە ئالاقە تۇرغۇچىلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى پارتىيە ئاپپاراتىنى قوغداش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە خەۋپ تۇغدۇرىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. بىز شەخسلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنداق قىلىش خەۋپىنى ئاشۇرسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل پارتىيە ئۈچۈن خەۋپ ئاز بولاتتى. فېۋرالدىكىدەك تۇگەل قولغا چۈشۈشنىڭ تەكرارلىنىشى ئەمدى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەن قاماققا ئېلىنغاندىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېتقا بىر ئەزا تولدۇرۇۋېلىنسىلا، مەركىزىي كومىتېت ئۆز ئىشىنى بىمالال داۋام ئەتتۈرۈپ كېتەلەيتتى. كىمنىڭ تولدۇرۇلىدىغانلىقىنى ھەتتا مېنىڭ ئەڭ يېقىن سەپدىشىممۇ ھېچ نەرسە بىلمەيتتى.

گۇنزا زىنكانى 1942 ـ يىلى 27 ـ ماي كۈنى كېچىسى قاماققا ئالدى. بۇ بەختسىزلىككىمۇ تۇيۇقسىز بىر پالاكەت سەۋەپ بولدى. گېدرىخقا نەيزە سانچىلغان ئاخشىمى ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ بارلىق ئاپپاراتلىرى سەپەرۋەر قىلىنىپ، پۈتۈن پراگا بويىچە گۇمانلىقلارنىڭ ھەممىسى قولغا ئېلىندى. مەخپى ساقچىلار ستىرژىشوۋىتىسكىدىكى ئۆيگە كېچىسى باستۇرۇپ كىردى، زىنكا دەل شۇ كېچىسى مۇشۇ ئۆيگە يوشۇرۇنغان ئىدى. ئۇنىڭ ھۆججەتلىرى پۇختا ئىدى، ئېھتىمال ئۇ دۈشمەننىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماسلىقىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇ ئۆزى ياشاپ تۇرغان ئۆي ئىگىسىنى خەۋپكە قالدۇرغۇسى كەلمەي، ئۇچىنچى قەۋەت ئۆينىڭ

دەرىزىسىدىن سەكرەپ چۈشىدۇ، ئۇ قاتتىق يىقىلىدۇ. تۈرمە كىسەلخانىسىغا ئۇنى ئومۇرتقىسى ئەجەللىك زەخملەنگەن ھالدا چالا ئۆلۈك پېتى ئېپكېلىدۇ. مەخپى ساقچىلار كىمنىڭ قولغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. پەقەت ئون سەككىز كۈندىن كېيىنلا ئۇنىڭ سۈرىتىگە سېلىشتۇرۇپ قاراپ ئۇنى تونۇيدۇ ھەم چالا ئۆلۈك ھالدا پىتچىك سارىيىغا سوراققا ئېپكېلىدۇ. بىز مانا شۇ يەردە ئەڭ كېيىنكى قېتىم ئۇچراشتۇق. مېنى ئۇنىڭ بىلەن يۈزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئېپكەلگەن ئىدى. بىز بىر بىرىمىزگە قول بېرىپ كورۈشتۇق. ئۇ ماڭا مېھرىسۋانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قاراپ:

— سالام، يۈلى! — دىدى.

مەخپى ساقچىلارنىڭ ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان سوزىمۇ شۇ بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىر ئېغىزمۇ سوز قىلمىدى. كاچىتىغا بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ ھۇشىدىن كەتتى، بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ۋاپات بولدى.

مەن ئۇنىڭ قامالغىنىنى 29-مايدىلا بىلگەن ئىدىم. بىزنىڭ خەۋەرچىلىرىمىز ناھايىتى ئوبدان ئىشلىدى. شۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن مەن ئىمىلەرنى قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئۇنىڭ بىلەن قىسمەن كېلىشىۋالدىم. كېيىن بىزنىڭ پىلانىمىز گۇنزا چورنى تەرىپىدىنمۇ ماقۇللاندى. بۇ بىزنىڭ مەركىزىي كومىتېتىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قارارى ئىدى.

گۇنزا چورنىنى 1942-يىلى يازلىقى قاماققا ئالدى. بۇنىڭ

قاملشغا ھېچ قانداق تۇيۇقسىز پالاكەت سەۋەپ بولمىدى، بەلكى چورنى ئۆزى ئالاقە باغلاپ يۈرگەن يان پوكورنىنىڭ ئىنتىزامنى قاتتىق بۇزغانلىغى سەۋەپ بولدى. پوكورنى ئۆزىنىڭ پارتىيىنىڭ رەھبىرىي خادىملىرىغا خاس مەيدانىنى تامامەن يوقاتتى. پوكورنى قاملىپ، بىرنەچچە سائەت سوراق قىلىنغاندىن كېيىن (ھەقىقەتەن ناھايىتى قاتتىق سوراقتىن كېيىن، ئەمما ئۇ بۇنىڭدىن باشقا نىمە كۈتۈش مۇمكىن ئىدى؟) قورقۇنچاقلىق قىلىپ، گۇنزا چورنى بىلەن ئۇچرىشىپ يۈرگەن ئۆينى ئېيتىپ قويىدۇ. بۇ يەردىن توغرا گۇنزىغا ئېپكېلىدۇ - دە، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇمۇ مەخپىي ساقچىنىڭ قولىغا چۈشىدۇ.

گۇنزىنى تۇتۇپ كېلىش بىلەن دەرھال بىزنى يۈزلەشتۈردى.

— سەن بۇنى تونۇمسەن؟

— ياق، تونۇمايمەن.

ئىككىمىزنىڭ جاۋاۋى بىر يەردىن چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ جاۋاپ بېرىشتىن تامامەن باش تارتتى. ئۇنىڭ كونا جاراھىتى ئۇنى ئۇزۇن ئازاپلاردىن قۇتۇلدۇردى. ئۇ چاپسانلا ھۇشىدىن كەتتى. ئۇنى ئىككىنچى قېتىم سوراققا ئاپارغىچە، ئۇ بارلىق ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىزنىڭ بەلگىلىمىز بويىچە ئىش قىلدى.

ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە بىلەلمىدى. ئۇنى تۈرمىدە ناھايىتى ئۇزۇن تۇتتى. بىرەرسىنىڭ بەرگەن يېڭى جاۋاۋى ئۇنى

سوزلەشكە مەجبۇر قىلار دەپ ئۇزۇن كۈتتى. لېكىن ھېچ نەرسە چىقىرالمىدى.

تۇرمە ئۇنى ئۆزگەرتەلمىدى. ئۇز ئىستىقبالىنىڭ پەقەت ئۆلۈم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرغان بۇ خۇش خۇي باتۇر يىگىت باشقىلارنى تېخىمۇ ئۇزۇنغا، يىراق ئىستىقبالنى كورۇشكە ئۈگىتەتتى.

ئۇنى 1943 ـ يىلى ئاپرېل ئېيىنىڭ ئايىغىدا تۇيۇقسىزلا پانكراتستىن ئېپكەتتى. قاياققا ـ مەلۇم ئەمەس. مۇنداق تۇيۇقسىز ئېپكېتىشنىڭ ئاقىۋىتى مۇدھىش بولىدۇ ئەلۋەتتە. گۇمانسىز خاتا بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن قايتا ئۇچرىشىش بىزگە نېسىپ بولماس دەپ ئويلايمەن.

بىز ئۆلۈمنى پۈتۈنلەي كوز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ قويغان ئىدۇق. مەخپى ساقچىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان تەقدىردە، تىرىك چىقمايدىغانلىغىمىزنى بىلەتتۇق. تۇرمىدىمۇ بىز شۇنىڭغا
.........................
مۇۋاپىق ھەركەت قىلدۇق.
.................................

مېنىڭ ئويۇنۇم ئاياقلىشىپ كېلىدۇ. مەن ئاخىرىنى يېزىپ ئۈلگۈرەلمىدىم. ئاخىرى نىمە بولۇشىنى مەن بىلمەيمەن. بۇ ئويۇن ئەمەس. بۇ ھاياتنىڭ ئوزى.

ھاياتتا بولسا تاماشىچىلار بولمايدۇ.

پەردە كوتىرىلمەكتە.

كىشىلەر، مەن سىزلەرنى ياخشى كورەتتىم! ھوشيار بولۇڭلار!

1943 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۇنى

يۇلىۇس. فۇچىك

www.uyghurkitap.com

# 绞刑架下的报告

〔捷克〕伏契克著

（维吾尔文）

吾拉木译

热合甫校订

热西提瓦依提校对

民族出版社出版 新华书店发行
民族印刷厂印刷

开本：787×1092毫米1/32 印张：6 5/8
1981年3月第1版
1981年3月北京第1次印刷

印数：0001—8,000册 定价：0.50元
书号：M10049(4)100